中华人民共和国国家民族事务委员会主管　民族团结杂志社主办　国家级综合性双月刊　www.seltenet.com

2016 ـ يىللىق 1 ـ سان
(ئومۇمىي 164 ـ سان)

# 中国民族



# جۇڭگو مىللەتلىرى

ISSN 1009-8917
01>

中国民族　CEG　جۇڭگو مىللەتلىرى　중국민족

دۆلەت دەرىجىلىك قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال　يەككە باھاسى: 8.00 يۈەن　«ھەر ۋاقىت مۇشتەرى بولۇش» قىزىق لىنىيەسى: 8530016 (0991)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى مۇدىرلىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى




شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى مۇدىرلىرى يىغىنى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۈرۈمچىدىكى «كۈنلۈن مېھمانخانىسى»دا ئېچىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2015 - يىللىق مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى خىزمىتى خۇلاسىلىنىپ، 2016 - يىللىق ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى سىستېمىسىدىكى كادىرلار دىن مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مۇدىرلىرى يىغىنى، دىن ئىشلىرى ئىدارىسى باشلىقلىرى يىغىنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 8 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش؛ ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھالىلىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ھەل قىلغۇچ باسقۇچىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش ھەم ئۇنىڭغا تۆھپە قوشۇش تەلەپ قىلىندى.





ئۆز مۇخبىرىمىز
مۇھەممەدسالىھ مەترۇزى
خەۋىرى، فوتوسى



















قۇربانجان سەمەت فوتوسى

# بەخت تۇرمۇشتىكى سېلىشتۇرۇشلاردىن ئەمەس، بەلكى قەدىرلەشتىن كېلىدۇ

دۇنيادا ئۆزئارا پەرقسىز ئادەم مەۋجۇت بولمايدۇ، شۇڭا كۆپىنچە ئادەملەردە باشقىلار بىلەن بەسلىشىش روھىي ھالىتى پەيدا بولىدۇ. بەسلىشىش — قانائەتسىزلىكنى پەيدا قىلىدىغان مۇھىم بىر سەۋەب بولغاچقا، كۆپىنچە كىشىلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان سېلىشتۇرۇش ۋە بەسلىششلەر جەريانىدا ئۆز نىشانىدىن ئېزىپ قالىدۇ.

ھەقىقىي بەخت بىز كۆرۈپ تۇرغان ۋە ئېرىشكەن نەرسىلەردىن كېلىدۇ. تۇرمۇش قانداقتۇر بەسلىشىش جەريانى ئەمەس، بىز قەدىرلەشنى بىلسەكلا، بەختكە ئېرىشەلەيمىز. كىشىلىك ھاياتتىكى نۇرغۇن تىراگېدىيەلەر قەدىرلەشنى ئۇقمىغانلىقىمىزدىن، يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن قارىغۇلارچە سېلىشتۇرغانلىقىمىزدىن يۈز بېرىدۇ. شۇڭا، بىز تۇرمۇشتا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان سېلىشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشنىڭ ئورنىغا ئۆزىمىزنىڭ ئېرىشكەنلىرىمىزنى قەدىرلەشنى ئۇقساقلا، كۆز ئالدىمىزدا بەخت بىزگە كەڭرى قۇچاق ئاچىدۇ.

«تۇرمۇشتىكى پەلسەپە» ناملىق كىتابتىن

مۇھەممەدسالىھ مەتروزى تەرجىمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ژۇرنال باشقۇرۇشتىكى ئىدىيەمىز :

ياخشىسى بىزنى تاللىسۇن،
بىزمۇ ياخشىسىنى تاللايمىز!

ژۇرنال باشقۇرۇشتىكى يۆنىلىشىمىز :

خاسلىقىمىز —
ئالقىشلىنىدىغىنىمىز!

ژۇرنال باشقۇرۇشتىكى

ئائىلىگىزدە «جۇڭگو مىللەتلىرى
ژۇرنىلى بار بولسۇن!


# جۇڭگو مىللەتلىرى

1957 ـ يىلى نەشر قىلىنغان

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك
مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى باشقۇرىدۇ
مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتى
نەشر قىلىدۇ

نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر: ۋېي گوشيۇڭ (خۇيزۇ)
مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر : شاۋ بىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: لى شياۋلىن (مياۋزۇ)
مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى: مەن جىلا (موڭغۇل)

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

( ئومۇمىي 164 ـ سان )

(ئۇيغۇرچىسى 1988 ـ يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان)





باش مۇھەررىر،
ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
مۇھەممەدسالىھ مەتروزى
تېلېفون، فاكس: 8533288 (0991)






ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن
مۇدىرى، مەسئۇل مۇھەررىر:
ئەركىن ئەبەيدۇللا
تېلېفون: 8558377 (0991)





مۇھەررىر:
تۇرغۇن يىلتىز
تېلېفون: 8558377 (0991)






گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:
دىلشات ئىدرىس
تېلېفون: 8558377 (0991)





شىنجاڭ شۆبە ئىدارە
ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى:
ھەسەنجان ئابدۇلئەھەد
تېلېفون، فاكس: 8530016 (0991)


تارقىتىش، ئارقا سەپ خادىمى:
رەخىم تۇرغۇن


## contents / مۇندەرىجە


سۆزۈك قەترىلەر

بەخت تۇرمۇشتىكى سېلىشتۇرۇشلاردىن ئەمەس، بەلكى قەدىرلەشتىن كېلىدۇ ........................ 01

بىرىنچى كۆزنەك

مۇز ۋە ئوتنىڭ مېلودىيەسى: سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى زاڭزۇ ئاممىسى «قار ـ مۇز بايرىمى» ئۆتكۈزدى ............ 04

مەركەزدىن كەلگەن سادا

يۈ جېڭشېڭ: شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئىنچىكىلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك ... 06

مىللەتلەر خىزمىتى خەۋەرلىرى

ئېلىمىز مىللەتلەر خىزمىتىگە دائىر قىسقا خەۋەرلەر ........................ 07

«جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئائىت 2015 ـ يىللىق ئون چوڭ خەۋەر» ئېلان قىلىندى ............ 08

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە ماقالىسى

جاڭ چۈنشيەن: ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەڭ دائىرىدە كۆچلەرنى مۇجەسسەملەشتۈرۈش كېرەك ........................ 10

مىللەت ۋە قانۇن ـ نىزام

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات خىزمىتى نىزامى ........................ 14

مىللەت ۋە مەدەنىيەت

«پۇل دېگەن شۇنداق نەرسە» ناملىق كىنو فىلىمىنىڭ سېھرىي كۈچى ........................ ئەسقەرجان ئەنۋەر ئەلسۆيەر 24

مىللەت ۋە ساپا


مەنىۋى ساپا ــ ھاياتقا ۋاپا ........................ گۈلباھار مۇھەممەد ماھى 32

مىللەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت

قومۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىز ـ يىگىت تويلىرىدىكى «ئىشىك بېسىش» ئادىتى ........................ يۇنۇس سادىق 34

گۈلۈم

ئانامنىڭ خېتى (نەسر) ........................ رىشدە مۇھەممەد مېھرىگىياھ 37











يىمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىمىزگە نەزەر

يەكەن: «نۇربوستان»غا بارغانمۇ سىز؟ ........ نۇردۇن ئابدۇسەمەت 40

سۆھبەت

ھاكىملار بىلەن سۆھبەت ــ غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى كامىلجان يۈسۈپجان بىلەن سۆھبەت... مۇھەممەدسالىھ مەتروزى 42

دۇنيا نەزىرىدە شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلار

ئاق كۆڭۈل خوتەنلىكلەر........ چېن رۇيجۈن 52

كىتابتىن باشلانغان پاراڭلار

كىتابخۇمار ئادەمنىڭ قەلب بېغى ھەمىشە كۆكلەپ تۇرىدۇ ــ ئاتاقلىق شائىر، يازغۇچى ھاجى مىرزاھىد كېرىمى بىلەن سۆھبەت ........ ئابلاجان بوۋاقى 58

قېرىنداش مىللەتلەرگە نەزەر

يۇغۇرلار يۇرتىغا سەپەر (1) ........ ئابدۇرازاق سايىم، غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغار 61

گۈلدەستە

شىمال لىرىكىلىرى (شېئىرلار) ........ ئابلىز ئوسمان 66

مەڭگۈلۈك ئابىدىلەر

مەن بىلىدىغان روزى سايىت (ئەسلىمە) ........ ئابلەي مەتنىياز 68

مىللەتلەر باغچىسى

شىخودىكى ئۇنتۇلماس دەقىقىلەر........ ئەركىن ئەبەيدۇللا 72

ئۈلگىلىك شەخسلەر

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئۈلگە ــ يۈسۈپ ئابلا........ 76

كىتابسىز تۇرمۇش ــ قۇياشسىز تۇرمۇش

«غەرب پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتاب ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى ........ 79


مۇقاۋا:

1 - بەتتە: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، پىروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى ــ ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان........ قۇربان مۇھەممەد فوتوسى

2 - بەتتە: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى مۇدىرلىرى يېڭى ئورۇمچىدە ئېچىلدى........ مۇھەممەدسالىھ مەتروزى خەۋىرى، فوتوسى

3 - بەتتە: بىز ئۇچراشقان كىشىلەر . «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى تۆھپىكارلار ئالبومى، تۆھپىكار ئەدەبىي تەرجىمان ــ ماھنۇر ھاجى ياقۇپ ........ قۇربان مۇھەممەد فوتوسى

4 - بەتتە: «كارۋان» شىركىتىگە قاراشلىق ماركا ئىشلىرى ئورنى سىز ئۈچۈن ماركا لايىھەلەپ بېرىدۇ........

(ژۇرنال نامىنى سۇلايمان ئىسمائىل خالى يازغان)


«جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇندىدار سۇپىسىنى قوشۇۋېلىڭ!

ژۇرنىلىمىزنىڭ ھەرقايسى يىللاردىكى سەرخىل ماقالە - ئەسەرلىرىدىن ھوزۇرلىنىشنى، نۆۋەتتىكى يېڭى سانلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىدىن ۋە ژۇرنىلىمىزغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ئۇچۇر ھەم پائالىيەتلەردىن خەۋەردار بولۇشنى كۆڭلىڭىزگە پۈكسىڭىز ــ يانفونىڭىزغا ژۇرنىلىمىزنىڭ ئۈندىدار سۇپىسىنى قوشۇۋېلىڭ!

قوشۇش ئۇسۇلى مۇنداق:

ئاۋۋال ئۈندىدارىڭىزنى قوزغىتىپ، «بايقاش ــ 发现» دېگەن خەتنى باسىسىز. ئاندىن «دوستلار چەمبىرىكى ــ 朋友圈»نىڭ ئاستىدىكى «سىيپاپ ئوقۇتۇش ــ 扫一扫» دېگەن خەتنى بېسىپ، يانفونىڭىزنى يۇقىرىدىكى رەسىم بەلگىسىنىڭ ئۈستىگە ئۇدۇللاپ سىيپاپ ئوقۇتسىڭىز، «关注» (نەزىرىڭىزنى ئاغدۇرۇڭ) دېگەن خەت چىقىدۇ. شۇ خەتنى باسسىڭىزلا قوشۇۋالالايسىز.

ژۇرنىلىمىزغا جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پوچتىخانىلاردىن مۇشتەرى بولۇڭ
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 117 ــ 58 (新)

تەھرىراتىمىزنىڭ مۇشتەرى قوبۇل قىلىش تېلېفونى:
(0991) 8530016

تور دىن ماقالە - ئەسەر ئەۋەتىڭ:
millatlar1988@sohu.com
سۈرەت ئەۋەتىڭ:
QQ:1945992326

بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك كوررېكتورى:

ۋەلى زەيدۇن

ئاق ئايلارنىڭ 25 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
شىنجاڭ شىڭخۇاشىيا رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 918 - نومۇر شىنگۇڭ گۈللۈكى بىناسىنىڭ 2 - قەۋىتىدە، پوچتا نومۇرى: 830049
单位地址：乌鲁木齐市新华南路918号
新工花园高层 2楼 (830049)

يەككە باھاسى: 8 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى



# مۇز ۋە ئوتنىڭ مېلودىيەسى

2015 - يىلى 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى ئابا زاڭزۇ - چياڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ لىشيەن ناھىيەسىدە تۇنجى نۆۋەتلىك «قار - مۇز بايرىمى» بىپىڭگو مەنزىرىلىك رايونىدا باشلاندى. زاڭزۇ ئاممىسى بۇ بايرامغا ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن جور بولدى. بۇ يەردە نويابىرنىڭ ئاخىرىدىن مارت ئېيىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مەزگىل قار پەسلى بولۇپ، ياغقان قارنىڭ قېلىنلىقى 60 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ.

ئەن يۈەن فوتوسى

ئەركىن ئەبەيدۇللا تەرجىمىسى



يۈ جېڭشېڭ شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى ھەققىدىكى تەستىق يوليورۇقىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى:

# شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئىنچىكىلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك

مەملىكەت بويىچە شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ، 6 ـ كۈنلىرى بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى يۈ جېڭشېڭ مەملىكەت بويىچە شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ھەققىدە كۆرسەتمە بەردى.

يۈ جېڭشېڭ تەستىقىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش — يېڭى ۋەزىيەتتە مىللەتلەر خىزمىتى ۋە شەھەر خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەم ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە مەركەز شەھەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر مەسىلىسىنى جۇڭگوچە ھەل قىلىشنىڭ توغرا يولىدا چىڭ تۇرۇش؛ شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىشنى يادرو قىلىش؛ ئاز سانلىق مىللەت كۆچمە نوپۇسلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش؛ ئۆزئارا گىرەلەشكەن جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە مەھەللە مۇھىتى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى تۇتقا قىلىش؛ شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئىنچىكىلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ شەھەرلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنى تېخىمۇ ياخشى قوبۇل قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنى شەھەرلەرگە تېخىمۇ ياخشى سىڭدۈرۈپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىسى، ئالماشتۇرۇشى ۋە ئارىلىشىشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، تۈزۈلمە مېخانىزمى ۋە خىزمەت قېلىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىناق ئۆتۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو ئارزۇسىنى بىر نىيەتتە ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشى لازىم.

جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ليۇ يەندۇڭ يىغىنغا قاتنىشىپ ھەمدە سۆز قىلىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ھەل قىلغۇچ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، رەئىس يۈ جېڭشېڭنىڭ تەستىقى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىلمىي پىلانلاپ، سىستېمىلىق ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى»دىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇش كېرەك.

ليۇ يەندۇڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى ۋە غەمخورلۇقى بىلەن، 60 نەچچە يىللىق ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ناھايىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈردى. ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ شەھەر ـ يېزا، رايون ۋە كەسىپ ھالقىپ يۆتكىلىشى تېزلىشىپ، مىللەتلەر خىزمىتى ۋە شەھەر خىزمىتىگە مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى ھەمدە شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە مىسلى

www.uyghurkitap.com



كۆرۈلمىگەن پۇرسەت ۋە خىرىس ئېلىپ كەلدى.

ليۇ يەندۇڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش مىللەتلەر خىزمىتى ۋە شەھەر خىزمىتىدىن ئىبارەت ئىككى ئومۇملۇققا، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئومۇملۇقىغا مۇناسىۋەتلىك. شەھەرلەرنىڭ باشلامچىلىق، يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنى تەرەققىياتتىن تەڭ بەھرىلەندۇرۇپ، تەڭ ھاللىق سەۋىيەگە يەتكۈزۈش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى بارغان جايلار ۋە چىققان جايلار ئارىسىدا ئالاقە ئورنىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆچمە نوپۇسلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش؛ يېڭىلىق يارىتىش ۋاستىسى ئارقىلىق، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرى تەشۋىق - تەربىيەسى ۋە ئىلغارلارنى، مۇنەۋۋەرلەرنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش؛ مەھەللە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا گىرەلەشكەن جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە مەھەللە مۇھىتى بەرپا قىلىش؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مىللەت، دىن ئامىلىغا مۇناسىۋەتلىك زىددىيەت، تالاش - تارتىشلارنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ، شەھەرلەرنىڭ ئاممىۋى بىخەتەرلىك ۋە مۇداپىئە قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىش؛ پارتىيەنىڭ شەھەر مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، رەھبەرلىك ۋە خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەر مىللەتلەر خىزمىتى كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى تەڭ قاتنىشىشقا كەڭ تۈردە سەپەرۋەر قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ شەھەر مىللەتلەر خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

يىغىنغا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ جېڭۋېي رىياسەتچىلىك قىلدى. يەرلىكتىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

«جۇڭگو مىللەتلىرى گېزىتى»دىن ئەركىن ئەبەيدۇللا تەرجىمىسى

## ئېلىمىز مىللەتلەر خىزمىتىگە دائىر قىسقا خەۋەرلەر

● دالىيەن مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى «دۆلەت پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتى»نىڭ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

يېقىندا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 2015 - يىللىق «دۆلەت پەن - تېخنىكا مۇكاپاتى» چوڭ يىغىنىدا، دالىيەن مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۈستىگە ئالغان تەتقىقات تۈرلىرىنىڭ بىرى بولغان «جۇڭگو ئېكولوگىيە گىرەلىشىش بەلبېغى، ئېكولوگىيە قىممىتىنى باھالاش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تۈزەش ھالقىلىق تېخنىكىسى دۆلەت پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتى»نىڭ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇ، دالىيەن مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرۇلغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم مەكتەپ نامى بىلەن دۆلەت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىششى ھېسابلىنىدۇ.

● گۈيجۇ 2016 - يىلى مەجبۇرىيەت مائارىپىنى مۇستەھكەملەش نىسبىتىنى % 88كە يەتكۈزىدۇ.

بۇ يىل گۈيجۇ يېزىلاردىكى ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن ياتاقلىق مەكتەپتىن 300نى ئۆزگەرتىدۇ ياكى يېڭىدىن سالىدۇ. يەنە مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى 20 يېزا - بازار مەكتىپىنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ مۇستەھكەملىنىش نىسبىتىنى % 88كە يەتكۈزىدۇ.

● چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا 2016 - يىلىدىن باشلاپ 15 يىللىق ھەقسىز مائارىپ يولغا قويۇلىدۇ.

بۇ يىل ئەتىيازدا ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىن، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ زاڭزۇلار ئولتۇراقلاشقان ئالتە ئوبلاستتىكى ھەممە ئوقۇغۇچى ھەمدە شىنىڭ، خەيدۇڭ شەھىرىدىكى نامرات ئوقۇغۇچىلار يەسلىدىن تارتىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بولغان 15 يىللىق ھەقسىز مائارىپتىن بەھرىمەن بولىدۇ. بۇ سىياسەت چىڭخەيدىكى بارلىق نامرات رايونلارنى ۋە نامرات ئائىلىلەرنى تولۇق قاپلايدۇ.

● 2016 - يىلى شىزاڭدا «يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ پەن - تېخنىكا سارىيى»نىڭ ئومۇميۈزلۈك قاپلىنىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، شىزاڭدىكى 74 ناھىيە (رايون) بۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن «يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ پەن - تېخنىكا سارىيى»نىڭ تولۇق قاپلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ ھەمدە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بايلىقىنى يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ ئەتراپىدىكى يېزا - بازارلارغا تارقىتىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

● گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى كەلگۈسى بەش يىلدا يېزا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆيى مەسىلىسىنى نۇقتىلىق ھەل قىلىدۇ.

گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى كەلگۈسى بەش يىلدا كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ، يېزا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تەمىناتىنى ئۆستۈرۈپ، تۇرالغۇ ئۆي قاتارلىق مەسىلىلىرىنى نۇقتىلىق ھەل قىلىپ، 2020 - يىلغا بارغاندا يېزا - بازارلىق ئوتتۇر، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىجارىلىك تۇرالغۇ ئۆي ۋە ۋاقىتلىق ياتاققا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ.

«جۇڭگو مىللەتلىرى گېزىتى»دىن ھەسەنجان ئابدۇلئەھەد تەرجىمە قىلىپ تەييارلىغان

# «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئائىت 2015 ـ يىللىق 10 چوڭ خەۋەر» ئېلان قىلىندى

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى يېقىندا «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئائىت 2015 ـ يىللىق 10 چوڭ خەۋەر»نى ئېلان قىلدى. خەۋەرلەرنى كۆرستىش پائالىيىتىنى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مەدەنىيەت ـ تەشۋىقات مەھكىمىسى بىلەن جامائەت پىكرى مەركىزى ئۈستىگە ئالدى. (رەت تەرتىپى خەۋەردە يېزىلغان ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتى بويىچە تىزىلدى).

**1. شى جىنپىڭ دۆلۈڭزۇ مىللىتىدىن بولغان كادىر ۋە ئاما ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى**

1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى شى جىنپىڭ يۈننەن ئۆلكىسىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈۋاتقان مەزگىلدە، يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ نۇجياڭ ئوبلاستى گۇڭشەن ناھىيەسىدىكى كادىر ۋە ئاما ۋەكىللىرى بىلەن سەمىمىي كۆرۈشتى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: دۇلۇڭزۇ مىللىتى ۋە باشقا بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەردىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مىللەتلەرنىڭ بىرەرسىمۇ كەم بولسا بولمايدۇ.

**2. ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى مەخسۇس مۇھاكىمە كۇرسى ئېچىلدى**

مۇھاكىمە كۇرسى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 17 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېچىلدى. يۇ جېڭشېڭ كۇرسانتلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ــ ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى. ھەقىقىي ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۆزئارا ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش، ھېسسىيات يېتىلدۈرۈش ۋە سىڭىشىپ كىرىش خىزمىتىنى بىرلىكتە ئىشلەش؛ ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان، ئەلنى مايىل قىلىدىغان خىزمەتلەرنى بىرلىكتە ئىشلەش؛ كىشىلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىدىكى قەلب مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشنى بىرلىكتە ئورتاق بەرپا قىلىش كېرەك.

**3. «جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ مىللەت تەركىبىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش چارىسى» ئېلان قىلىندى**

6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى بىرلىشىپ «جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ مىللەت تەركىبىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش چارىسى»نى ئېلان قىلدى، بۇ چارىدە پۇقرالارنىڭ مىللەت تەركىبىنى بېكىتىش، ئۆزگەرتىش قاتارلىقلار توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى. بۇ چارە 2016 ـ يىلى 1 ـ يانۋاردىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ. بۇ، ئېلىمىز پۇقرالىرىنىڭ مىللەت تەركىبىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى مەخسۇس قېلىپلاشتۇرۇپ تارقاتقان تۇنجى باشقۇرۇش چارىسىدۇر.

**4. مەملىكەت بويىچە ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلدى**

نەق مەيدان يىغىنى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە جىلىن ئۆلكىسىنىڭ يەنبيەن چاۋشيەن ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئېچىلدى. يىغىندا مەركەزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئاپتونوم ئوبلاستلار بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ماس قەدەمدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشى تەكىتلەندى.

**5. 10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى**

8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈندىن 17 ـ كۈنىگىچە مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوردوس شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. 6240 نەپەر ھەر مىللەتتىن بولغان تەنھەرىكەتچى 17 مۇسابىقە تۈرى ۋە 178

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ماھارەت كۆرسىتىش تۈرى بويىچە مۇسابىقىلەشتى. بۇ قېتىمقى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشىنى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق گەۋدە ئېڭىنى كۈچەيتىدىغان، تەسىر دائىرىسى كەڭ، ئالاھىدىلىكى روشەن بولغان ئىتتىپاقلىق كاتتا يىغىلىشى بولدى.

**6. گوۋۇيۈەن «ئازسانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى قارار»نى تارقاتتى**

8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «ئازسانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى قارار» بېسىپ تارقىتىلىپ، 2020 - يىلغا بارغاندا ئازسانلىق مىللەت رايونلىرى مائارىپىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات سەۋىيەسى ۋە ئاساسلىق كۆرسەتكۈچىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىگە يېقىنلاشتۇرۇپ ياكى يەتكۈزۈپ، ئاساسىي جامائەت مائارىپ مۇلازىمىتىنىڭ باراۋەرلىكىنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئىقتىدارىنى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتىشكە مۇلازىمەت قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك مىللىي مائارىپ خىزمىتى يىغىنىدا «قارار»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىندى.

**7. مەركەز 6 - قېتىملىق شىزاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى**

سۆھبەت يىغىنى 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېچىلدى. يىغىندا نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى شىزاڭ خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، نىشان ۋە تەلەپلەر، چوڭ تەدبىرلەر، شىزاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شىزاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، خەلقنى بېيىتىپ شىزاڭنى گۈللەندۈرۈش، شىزاڭنى ئۇزاققىچە قۇرۇپ چىقىش، كىشىلەر قەلبىنى مايىل قىلىش، ئاساسنى پۇختىلاش شىزاڭ خىزمىتىدە چوقۇم چىڭ تۇرىدىغان مۇھىم پرىنسىپتۇر.

**8. شىزاڭ ۋە شىنجاڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى ۋە 60 يىللىقىنى تەبرىكلىدى**

9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىزاڭ ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى لاسا شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، گۈزەل شىزاڭ بەرپا قىلايلى»، «گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلىپ، ۋەتەن ئارزۇسىنى بىرلىكتە ئىشقا ئاشۇرايلى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. يۇ جېڭشېڭ مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ، ئىككى ئاپتونوم رايوننىڭ تەبرىكلەش پائالىيىتىگە ئايرىم - ئايرىم قاتناشتى.

**9. 5 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى**

يىغىن 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. يىغىندا مەركەزنىڭ 2 - قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى، ۋەزىيەت تەھلىل قىلىندى، ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش بېكىتىلدى.

**10. شى جىنپىڭ ئاساسىي قاتلاملاردىن كەلگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى مۇنەۋۋەرلەر ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى**

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 66 يىللىقى ھارپىسىدا شى جىنپىڭ ئىچكى موڭغۇل، گۇاڭشى، شىزاڭ، نىڭشيا، شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىن دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى 13 نەپەر مۇنەۋۋەر ۋەكىلنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ، ئۇلار بىلەن «خەلق سارىيى»دا قىزغىن كۆرۈشتى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «جۇڭخۇا مىللەتلىرى بىر ئائىلە كىشىلىرى بولۇپ، بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە جۇڭگو ئارزۇسىنى روياپقا چىقىرىش» بارلىق جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق نىشانىدۇر.

ھەسەنجان ئابدۇلئەھەد تەرجىمە قىلىپ تەييارلىدى

جاڭ چۈنشيەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتى يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلدى:

# ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كەڭ دائىرىدە كۈچلەرنى مۇجەسسەملەش كېرەك

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتى يىغىنى 31 - يانۋار ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ چۈنشيەن يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىندا پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيى ۋە ج ك پ 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىر قاتار مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، مەركەزنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتى نىزامى (سىناق نۇسخا)» چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت مۇھاكىمە قىلىنىپ، نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك بىرلىك سەپ خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

جاڭ چۈنشيەن يىغىندا مۇنداق دېدى: مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىرلىك سەپ ساھەسىدىكىلەر «بۈيۈك ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىشىش» باش تېمىسىنى چىڭ ئىگىلەپ، ئۆزگىرىش ياساش ۋە ئىسلاھ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئورتاق تونۇشنى، ئەل رايىنى، كۈچلەرنى مۇجەسسەملەپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىدا يېڭى ھاياتىي كۈچنى ئۇرغۇتتى؛ دىن خىزمىتىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن ۋە چەت ئەل بىلەن بولغان بىرلىك سەپ خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيدى؛ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك ساھەسىدىكى بىرلىك سەپ خىزمىتىدە مۇھىم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى قوغداش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

جاڭ چۈنشيەن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە كادىرلار يېڭى ۋەزىيەتتە بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالاھىدە مۇھىملىقىنى جەزمەن شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قوغداش ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئەتراپلىق تونۇشى، يېڭى ۋەزىيەتتە بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مەسئۇلىيەت ئېڭى بىلەن بۇرچ ئېڭىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى كېرەك. قويۇلىدىغان ئومۇمىي تەلەپ شۇكى: پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيى ۋە ج ك پ 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش؛ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىر قاتار مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش؛ «بەشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك بولۇش» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى، «يېڭىلىق يارىتىش، ماس بولۇش، يېشىل بولۇش، ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ئىدىيەسى»نى تۇرغۇزۇش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ، بۈيۈك ئىتتىپاقلىق ۋە

www.uyghurkitap.com



بىرلىشىش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، نەزەرىيە يېتەكچىلىكى، مەسىلە يېتەكچىلىكى ۋە ئەمەلىيەت يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ۋە دىن خىزمىتىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، دىن خىزمىتىنى ئەڭ مۇھىم خىزمەت دەپ بىلىپ، ئەڭ كەڭ دائىرىدىكى ۋەتەننى سۆيۈش بىرلىك سېپىنى ئۈزۈكسىز مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇشقا، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا مۇلازىمەت قىلىش كېرەك.

تۆۋەندىكى بىر نەچچە مۇھىم پرىنسىپنى چوقۇم ياخشى ئىگىلەش كېرەك: بىرىنچى، پارتىيەنىڭ بىرلىك سەپكە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش؛ ئىككىنچى، بۈيۈك ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىشىش باش تېمىسىدا چىڭ تۇرۇش؛ ئۈچىنچى، بىردەكلىك بىلەن كۆپ خىللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇش؛ تۆتىنچى، مىللەتلەر ۋە دىن خىزمىتىنى مۇھىم نۇقتا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دىن خىزمىتىنى ئەڭ مۇھىم خىزمەت دەپ قاراش كېرەك.

جاڭ چۈنشيەن شىنجاڭنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىدە سىجىل يېڭىلىق يارىتىش، بىرلىك سەپ خىزمىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا تۆۋەندىكى «بەشنى چىڭ ئىگىلەش»نى ئوتتۇرىغا قويدى:

بىرىنچى، بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، بىرلىكتە گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش باش تېمىسىنى چىڭ ئىگىلەپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش كېرەك. تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سىياسەتنى ئىگىلەشكە داۋاملىق كۈچ سەرپ قىلىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى جۇڭگوچە ھەل قىلىش توغرا يولىغا بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش؛ «سەككىزدە چىڭ تۇرۇش»نى ئاڭلىق ئىشقا ئاشۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش؛ پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى قەتئىي بوشاشماي ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكى، مۇرەككەپلىكى، كەسكىنلىكىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش؛ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە بايراق روشەن ھالدا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كېرەك. ئۆزئارا ئالاقىلىشىش، بېرىش - كېلىش قىلىش، بىرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۇنى ئەڭ گەۋدىلىك ۋەزىپە دەپ تۇتۇپ ھەم ئۇنى شىنجاڭنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىدىكى بۈيۈك ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىشىشنىڭ مۇھىم نامايەندىسى قىلىش كېرەك. «ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كارغا كېلىدىغان بولۇش، ئۈنۈمى بولۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەشۋىقات - تەربىيەنى كۈچەيتىپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە بولغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇپ، گىرەلەشكەن ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنى پائال ھەم مۇقىم بەرپا قىلىش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار باشلامچى بولۇپ، ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئارا دوستلۇق ئورنىتىش، قوشماق بولۇش ھەم ھەر خىل شەكىلدىكى ئورتاق قۇرۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۆزئارا ئىشىنىدىغان، ئۆزئارا غەمخورلۇق قىلىدىغان، ئۆزئارا ياردەم قىلىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. «ئۈچ ئەل» پائالىيىتىنى پۇرسەت بىلىپ، ئاممىۋى خىزمەتلەرگە داۋاملىق كۈچەپ، پارتىيەنىڭ مىللەتلەر، دىن سىياسىتىنى دەل جايىدا، ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ھەقىقىي تەسىر قىلغۇدەك دەرىجىدە ياخشى ئىشلەش كېرەك.

ئىككىنچى، دىن قائىدىلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، دىن خىزمىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، «بەشنى تونۇش» ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «قۇرئان»دىكى ئايەتلەرنى يېشىش، «قۇرئان» تەپسىر قىلىشتىكى مۇھىم ھالقىلارنى ياخشى تۇتۇش كېرەك؛ دىن ئەسەبىيلىكىنى تۈگىتىشنى گەۋدىلىك ۋەزىپە قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ئاكتىپ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى توغرا ئېتىقاد تۇرغۇزۇشقا، ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك؛ دىن خىزمىتىنى ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، بايراق روشەن ھالدا قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە قوغداپ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى

چەكلەش كېرەك؛ دىن خىزمىتىنى ئاممىۋى خىزمەت ئىدىيەسى ۋە ئۇسۇلى بويىچە ياخشى ئىشلەپ، ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئاممىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك؛ دىنىي زاتلار قوشۇن قۇرۇلۇشىنى قەتئىي بوشاشماي چىڭ تۇتۇپ، دىنىي زاتلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش تەلىپىنى چىڭ ئىگىلەپ، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ۋە پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلار خىزمىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. پارتىيەلەر ئارا كېڭىشىشنى پۇختا ھەم ياخشى ئىشلەپ، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلارنىڭ دېموكراتىك نازارەت قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە مەدەت بېرىش كېرەك. پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلارنى ئىدىيە، سىياسىي جەھەتتە يېتەكلەشنى كۈچەيتىشنى ئاساسىي لىنىيە، پارتىيە سىرتىدىكى ۋەكىللىك زاتلار قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئالاقە تورى، يېڭى تاراتقۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تور مۇھىتىنى ساپلاشتۇرۇپ، ئاساسىي مېلودىيەنى ياڭرىتىپ، ئاكتىپ كۈچنى نامايان قىلىش كېرەك.

تۆتىنچى، «ئىككىدە ساغلام بولۇش»نى ئىلگىرى سۈرۈشنى چىڭ ئىگىلەپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك ساھەسىنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زاتلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئارقىلىق، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زاتلارنى ۋەتەننى، شىنجاڭنى سۆيىدىغان، يېڭىلىق يارىتالايدىغان، ئىگىلىك تىكلىيەلەيدىغان، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى يېتەكلىيەلەيدىغان، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېڭىغا ئىگە كارخانىچىلاردىن بولۇشقا يېتەكلەش كېرەك. سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك ساھەسىنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئۈستىگە ئېلىشى، «ئىككىدە ساغلام بولۇش»نى ئىلگىرى سۈرۈشتە فۇنكسىيەلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

بەشىنچى، ئەل رايىنى مايىل قىلىشتىن ئىبارەت مەۋقەنى ۋە مەقسەتنى چىڭ ئىگىلەش كېرەك. شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن ۋە چەت ئەللەر بىلەن بولغان بىرلىك سەپ خىزمىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئەل رايىنى مايىل قىلىشتىن ئىبارەت مەۋقە ۋە مەقسەتتە چىڭ تۇرۇپ، ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيانى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، شىنجاڭلىقلار پۇشتىدىن بولغان جۇڭگولۇقلار، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى ئاساسىي ئوبيېكت قىلىپ، بىرلىك سەپنىڭ كەڭ ئالاقە ئورنىتىشتەك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، كۆزلەش نۇقتىسىنى ئەل ئارىسىغا، يىراق كەلگۈسىگە، ئەۋلادلارغا قارىتىشى؛ دوستلۇق قولىنى سۇنىدىغان كۈچلەرنى تەربىيەلەش ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنىنى زورايتىشى؛ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى قۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك.

جاڭ چۈنشيەن مۇنداق دېدى: يېڭى ۋەزىيەتتە بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، ئاچقۇچ — پارتىيەنىڭ ئومۇمىيلىقتا يېتەكچىلىك قىلىش، تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇشتا رەھبەرلىك قىلىشتىكى يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىشتە. رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۈيۈك بىرلىك سەپ خىزمەت ئەندىزىسى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، بىرلىك سەپ كادىرلىرى قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بىرلىك سەپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

يىغىنغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: شۇجى جاڭ چۈنشيەن مۇھىم سۆزىدە شىنجاڭنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، شىنجاڭنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى-

www.uyghurkitap.com




لىق يارىتىش ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. جايلار، تارماقلار ۋە ئورۇنلار ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئەتراپلىق ئىگىلەپ، بىرلىك سەپنىڭ مۇھىم ئورنى ۋە رولىنى تونۇش مەسىلىسىنى ئومۇمىيەت ۋە ئىستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئىدىيە جەھەتتىن ھەقىقىي ھەل قىلىشى كېرەك؛ مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشنى نىشانلىق قىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلىگەن ھالدا بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك؛ رەھبەرلىك ۋە مەسئۇلىيەتنى كۈچەيتىپ، پارتكوم بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان، بىرلىك سەپ تارماقلىرى باش بولۇپ ماسلاشتۇرىدىغان، مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغان، جەمئىيەتتىكىلەر ئورتاق قاتنىشىدىغان بۇيۈك بىرلىك سەپ خىزمىتى ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈپ، بىرلىك سەپ خىزمىتىدە يېڭى ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.


يىغىنغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى رەھبەرلىرىدىن نەيىم ياسىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، چې جۈن، خۇاڭ ۋېي، شاۋكەت ئىمىن، جۇ خەيلۇن، شيۇڭ شۈەنگو، شۇ خەيرۇڭ، غانىبات سابىكەي، لى شۆجۈن، ئەركىن تۇنىياز، ما شۆجۈنلەر قاتناشتى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى چېڭ جېنشەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتى نىزامى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى)»نى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پىرىنسىپى توغرىسىدا ئىزاھات بەردى.

تەھرىر بۆلۈمىمىز تەييارلىدى


## شىنجاڭ «ئالتۇن ماكان» سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ ساغلاملىق مەھسۇلاتلىرى سىزگە ئەڭ ئېسىل سوۋغا بولالايدۇ!




بۇلار شىنجاڭ «ئالتۇن ماكان» سودا چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقىرىپ بازارغا سالغان، پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ئەڭ يېڭى ساغلاملىق مەھسۇلاتلىرى بولۇپ، بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى ھەم ئىشەنچلىكلىكى، ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى خېرىدارلار تالىشىپ سېتىۋالىدىغان ئېسىل مەھسۇلاتقا ئايلاندى.

بويۇن، بەل - ئومۇرتقا تەخسىسى چىقىۋېلىش، بويۇن - بەل ئومۇرتقىغا سۆڭەك ئۆسۈۋېلىش، پۇت - قول ئۇيۇشۇش، بوغۇم ئاغرىقلىرى، پۈتۈن بەدەن سوۋۇپ كېتىش، قان سوۋۇپ كېتىش، بەدەندە نەملىك ئېشىپ كېتىش، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ھەرخىل سوغۇق ئەگىزدىن بولغان ئاياللار كېسەللىكلىرى، داس بوشلۇقى ياللۇغى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، يۈز نېرۋا پالەچ كېسەللىكلىرى، رېماتىزم، قەۋزىيەت، مەزى بېزى ياللۇغى، ئۇيقۇسىزلىق، گېمروي قاتارلىق كېسەللىكلەرگە قارىتا ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ قوشۇمچە داۋالاش، ئوپېراتسىيەدىن كېيىنكى يارا ئېغىزلىرىغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ بېرىشتە ئالاھىدە رولى بار.

شىركەت ئورنى: يەكەن ناھىيە ھەيدەرباغ يولى يېڭى سانائەت بىناسىدا
زاۋۇت ئورنى: يەكەن ناھىيە غەربىي ۋوگزال سانائەت باغچىسىدا
ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرى: 8518232 (0998)، 13309981227

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات خىزمىتى نىزامى

(2015 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 20 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېلانى**

**( 18 ـ نومۇرلۇق)**

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات خىزمىتى نىزامى» **2015** ـ يىلى **12** ـ ئاينىڭ **29** ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق **12** ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ **20** ـ يىغىنىدا ماقۇللىنىپ، ھازىر ئېلان قىلىندى، **2016** ـ يىلى **1** ـ ئاينىڭ **1** ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلسۇن.

**2015 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى**

## 1 ـ باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 ـ ماددا** بۇ نىزام مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق، ئىناقلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى، ئورتاق گۈللىنىپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ چىقىرىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



**2 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىغا دائىر خىزمەتلەردە مۇشۇ نىزام تەتبىقلىنىدۇ.

**3 ـ ماددا** شىنجاڭ ئەزەلدىن ۋەتىنىمىز زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر، زوراۋان ـ تېررورچى كۈچلەرگە قارشى تۇرۇش پۇقرالارنىڭ ئاساسىي مەجبۇرىيىتى.

**4 ـ ماددا** مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرى — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنىڭ ئۇلى؛ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئاساسى؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

**5 ـ ماددا** مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئىتتىپاقلىقى ـ مۇقىملىقىنى قوغداش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

**6 ـ ماددا** مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى، خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالماسلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالماسلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالماسلىق ئىدىيەسىنى ۋە دۆلەت ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئۇلۇغ ۋەتەننى، جۇڭخۇا مىللىتىنى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى تونۇش ئېڭىنى كۈچەيتىش كېرەك.

**7 ـ ماددا** پۈتكۈل جەمئىيەتتە مىللەتلەرنىڭ خاسلىقىغا ھۆرمەت قىلىشنى، كۆپ خىللىقىغا يول قويۇشنى، ئۆزئارا ئىشىنىشنى، ئۆزئارا بەھرىلىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ھەر مىللەت ئاما بىللە ياشايدىغان، بىللە ئۆگىنىدىغان، بىللە ئىشلەيدىغان، بىللە كۆڭۈل ئاچىدىغان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئىتتىپاق ـ ئىناق بولغان، گۈللەنگەن، باياشات، مەدەنىي، تەرەققىي قىلغان، كىشىلەر خاتىرجەم ياشايدىغان سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك.

**8 ـ ماددا** مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرى خىزمىتىدە پارتكوم بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت ئومۇميۈزلۈك مەسئۇل بولىدىغان، مىللەتلەر ئىشلىرى تارمىقى يېتەكچىلىك قىلىدىغان ۋە ماسلاشتۇرىدىغان، تارماقلار ماسلىشىپ يولغا قويىدىغان، ساھەلەر قاتنىشىدىغان خىزمەت ئەندىزىسى يولغا قويۇلىدۇ.

## 2 ـ باب خىزمەت مەسئۇلىيىتى

**9 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرى خىزمىتىدىكى مەسئۇلىيىتى:

(1) پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياستى ۋە دۆلەتنىڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش؛

(2) مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات

ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە تۈزۈش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ نىشان مەسئۇلىيىتىنى بېكىتىش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش؛

(3) مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات يىرىك پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا دائىر خىزمەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش، بىرتۇتاش تاپشۇرۇش، بىرتۇتاش ئەمەلىيلەشتۈرۈش، بىرتۇتاش تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش؛

(4) مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، خىزمەت مېخانىزمىنى ۋە باھالاش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، بەرپا قىلىش نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، تىپلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تۇرغۇزۇش، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەش، ئىتتىپاقلىقنى قوغداش، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشكە يېتەكلەش؛

(5) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەشۋىقات ـ تەربىيەنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرى خىزمىتىگە دائىر ئىشلارنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىش؛ بىر دەرىجە تۆۋەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، نازارەتچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى تەكشۈرۈش؛

(6) ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە (ساقچى) بىلەن خەلق، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك، مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى ئورۇنلىرى بىلەن يەرلىكنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش؛

(7) شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن قىلىش.

**10 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى خەلق مائارىپى، كادىرلار تەربىيەسى، جەمئىيەت تەربىيەسىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا، پۇقرالار ئەخلاق تەربىيەسى ۋە قانۇن ئىدارە قىلىش تەربىيەسىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا، ھەر مىللەت ياشلىرى ۋە ئۆسمۈرلىرىنى تەربىيەلەشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا كىرگۈزۈشى؛ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەشۋىقات ـ تەربىيەسى ۋە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئورگان، مەكتەپ، كارخانا، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى، يېزا ـ بازار (كوچا)، كەنت (مەھەللە)، ھەربىي (ساقچى) گازارمىسى، تۈەن ـ مەيدانلارنىڭ لېيەندۈيلىرىگىچە يۈزلەندۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسى ۋە ئاممىۋى ئاساسىنى پۇختىلىشى كېرەك.

**11 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى سىياسەت چىقىرىپ، ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش، مۇھىتنى ياخشىلاش، بايلىق جەھەتتە مايىل بولۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، مىللەتلەر ئۆزئارا ئارىلىشىپ ياشايدىغان ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە مەھەللە مۇھىتىنى تەرتىپلىك ھالدا پەيدىنپەي بەرپا قىلىشى؛ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، خىزمەت ۋە ئۆگىنىشتە چۈشىنىشنى ۋە ھېسسىياتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردەك ئۆتۈش، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

**12 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرى خىزمىتىدە پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى چەكلەش، ئەسەبىيلىكنى توسۇش، سىڭدۈرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇش، جىنايەتكە زەربە بېرىشتىن ئىبارەت دىن مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئاساسىي پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىششقا پائال يېتەكلىشى كېرەك. «ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش»نى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دىنغا ياتىدىغان مەسىلىلەردە خىزمەتنى دىنىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ياخشى ئىشلەشتە چىڭ تۇرۇپ، دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدىكى ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

دۆلەت ئورگىنى خادىملىرى پارتىيەنىڭ مىللەت ـ

www.uyghurkitap.com



دىن سىياسىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىدا نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رول ئوينىشى كېرەك.

**13 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئۆستۈرۈش، ئىشلىتىش ۋە ئالماشتۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك.

**14 ـ ماددا** يېزا (بازار، مەيدان)، كوچا، كەنت (شەھەر) ئاھالە كومىتېتى ۋە مەھەللىلەر تەۋەلىكىدىكى كەنت (شەھەر) ئاھالىسى ۋە كۆچمە ئاھالە ئارىسىدا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرى خىزمىتىنى كۈچەيتىشى كېرەك. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىغا ئالاقىدار مەزمۇنلارنى شەھەر ئاھالە ئەھدىنامىسى، كەنت ئاھالە ئەھدىنامىسى، ئوقۇغۇچىلار قائىدىسى ۋە ساھە قائىدىسىگە كىرگۈزۈشى كېرەك.

**15 ـ ماددا** ئەدلىيە مەمۇرىي تارمىقى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىغا دائىر قانۇن ئىدارە قىلىش تەشۋىقاتىنى ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارنى قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش يىرىك پىلانىغا كىرگۈزۈپ، دۆلەت ئورگىنى خادىملىرى قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇننى تەتبىقلاش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، پۇقرالارنى قانۇننى بىلىشكە، قانۇنغا رىئايە قىلىشقا يېتەكلىشى كېرەك.

**16 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى پۇقرالارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈپ، مىللەت ـ دىن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ دۆلەتنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارغا قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇققا ياتىدىغان مەسىلىلەرنى قانۇن ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىنى قانۇن يۈرگۈزۈش كاپالىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

**17 ـ ماددا** مائارىپ تارماقلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاق تەربىيەسى ۋە ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيەسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل مەكتەپلەر مائارىپنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىغا سىڭدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ مىللەتلەر نەزەرىيەسى، مىللەتلەر سىياسىتى، دۆلەتنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرى ۋە مىللەتلەرگە دائىر بىلىملەرنى دەرسخانىغا، دەرسلىككە كىرگۈزۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

مائارىپ تارماقلىرى مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلىشى ۋە قوللىنىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىدا تەربىيە ئېلىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ ۋە ئۇنى كاپالەتلەندۈرۈپ، «قوش تىللىق مائارىپ»قا قەتئىي تەۋرەنمەي قانۇن بويىچە تۈرتكە بولۇشى؛ يەسلىدىن ئالىي مەكتەپكىچە بولغان «قوش تىللىق مائارىپ»نى جىپسىلاشتۇرۇش سىستېمىسىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «قوش تىل ئوقۇتۇشى»نىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

**18 ـ ماددا** مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، ئاخبارات ـ نەشرىيات ـ رادىيو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە تارماقلىرى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرى خىزمىتىگە زامانىۋى مەدەنىيەت ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىپ، مەدەنىيەتكە ياتىدىغان مەسىلىلەرنى مەدەنىيەت ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. جامائەت مەدەنىيەت مۇلازىمىتى باراۋەرلىكى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، رادىيو ـ تېلېۋىزىيەنى ھەممە كەنتكە، ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈش، يېزىلار (مەھەللىلەر)دا جامائەتچىلىك كىنولىرىنى قويۇپ بېرىش، دېھقانلار كۇتۇپخانىسى قۇرۇش قاتارلىق مەدەنىيەتتە ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشى؛ مىللىي، ئەنئەنىۋى، يەرلىك، زامانىۋى مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ساغلام، مەدەنىي تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىشى؛ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئەكس ئەتكۈزىدىغان نادىر كىتاب، مەدەنىيەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىش ۋە قوش تىل نەشر بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىشقا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشى؛ مىللەتلەرنىڭ ئىتـ

تىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئەكس ئەتكۈزىدىغان كىنو ـ تېلېۋىزىيە، ناخشا ـ ئۇسسۇل قاتارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىشقا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشى؛ ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى كىنو، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرىنى كۆپەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ نادىر مەدەنىيەت ئەسەرلىرىنى ئۆزئارا تەرجىمە قىلىشنى قوللاپ، نادىر مەدەنىيەت ئەسەرلىرىنى رەقەملەشتۈرۈپ، تورلاشتۇرۇپ تارقىتىشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

**19 ـ ماددا** ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت، مائارىپ تارماقلىرى كەسپىي ماھارەت تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتكۈزۈپ ئىشقا ئورۇنلىشالمىغانلارنىڭ ھەممىسىنى كەسپىي تېخنىكا مائارىپى جەھەتتىن تەربىيەلەشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

ئىشقا ئورۇنلاشقان، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنى، بولۇپمۇ شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغانلار، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى كەسپىي ماھارەت جەھەتتىن تەربىيەلەشنى كۈچەيتىش؛ ھەر مىللەت ئاممىسىنى ئورتاق ئىگىلىك تىكلەشكە، تەرتىپلىك يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا، شۇ جايدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا، يۇرتىغا قايتىپ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكلەش كېرەك. ھەر مىللەت ئاممىسىنى ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق يۆلەش ۋە ئوقۇش پۈتكۈزگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى ئادەم قوبۇل قىلىش خىزمىتىدە، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنى ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرىنى مۇۋاپىق نىسبەتتە قوبۇل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشقا ماسلاشتۇرۇشى كېرەك.

**20 ـ ماددا** سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، شەھەر باشقۇرۇش تارماقلىرى جەمئىيەتنى تۈزەش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، شەھەرگە كىرگەن ھەر مىللەت پۇقرالىرىنى شەھەر باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاڭلىق رىئايە قىلىشقا يېتەكلەپ، ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ بازارغا باراۋەر كىرىشىگە، شەھەرگە سىڭىشىشىگە پايدىلىق ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشى كېرەك.

**21 ـ ماددا** جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، جۇڭگولۇقلار ۋە چەت ئەللەردە ئوقۇۋاتقانلارغا مۇلازىمەت قىلىش ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇش تارمىقى ۋە ئورۇنلار چەت ئەللەردىكى شىنجاڭلىق جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، جۇڭگولۇقلار ۋە چەت ئەللەرگە ئوقۇشقا چىققانلارغا بولغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەشۋىقات ـ تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئالماشتۇرۇش، ئالاقىلىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشى كېرەك.

**22 ـ ماددا** كۆچمە ئاھالىگە مۇلازىمەت قىلىش ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇش تارماقلىرى بارغان جايى باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىدىغان، كەلگەن جايى باشقۇرۇش خىزمىتىگە پائال ماسلىشىدىغان باشقۇرۇش خىزمىتى مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۆچمە ئاھالىنىڭ ئاساسىي جامائەت مۇلازىمىتى باراۋەرلىكىنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇشى؛ كۆچمە ئاھالىگە بولغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەشۋىقات ـ تەربىيەنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

**23 ـ ماددا** تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات، مۇھىت ئاسراش، زېمىن بايلىقى تارماقلىرى دۆلەتنىڭ بايلىقتىن ھەقلىق پايدىلىنىش ۋە ئېكولوگىيە تولۇقلىمىسى بېرىش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيەلىك بايلىق ۋە تەبىئىي بايلىقتىن مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىپ، بايلىقتىن ئېچىپ پايدىلىنىش ئارقىلىق شۇ جايدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىغا تېخىمۇ كۆپ نەپ يەتكۈزۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

**24 ـ ماددا** زېمىن بايلىقى، تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات، قاتناش، سۇچىلىق تارماقلىرى بايلىقنى چارلاش ـ ئېچىش، قاتناش، ئېنېرگىيە، سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا شۇ جايدىكى كارخانىلار ۋە ئەمگەك كۈچلىرىنى كۆپرەك قاتناشتۇرۇشى كېرەك.

كارخانىلارنىڭ شۇ جايدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى قوبۇل قىلىشىغا، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت ئەمگەك كۈچلىرىنى قوبۇل قىلىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ. ئېنېرگىيە ۋە بايلىقنى شۇ جايدا پىششىقلاش، ئايلاندۇرۇش شارائىتى بارلار شۇ كەسىپنى شۇ جايدا ئاۋۋال يولغا قويۇشى كېرەك.

**25 ـ ماددا** نامراتلارنى يۆلەش، خەلق ئىشلىرى، سەھىيە ۋە پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرى نامراتلارنى تو- جۇپلىك يۆلەش خىزمەت مېخانىزمىنى ئەمەلىيلەشتۇ-

www.uyghurkitap.com



رۇپ، كەنت بويىچە ئىلگىرى سۈرۈپ، نامراتلارنى نۇقتىدا يۆلەپ، ئىجتىمائىي كاپالەتنى جىپسىلاشتۇرۇپ، نامراتلارنى نامراتلىقتىن تۇجۇپىلىك قۇتۇلدۇرۇشى؛ ئىجتىمائىي پاناھلاندۇرۇش ۋە كاپالەتلەندۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى؛ ناھىيە، يېزا، كەنتلەرنىڭ داۋالاش ۋە جامائەت ساغلاملىقى، پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمىتى تورى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش، ساقلىق ساقلاش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، شەھەر - بازار ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى ۋە يېڭىچە يېزا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش كاپالىتى سەۋىيەسىنى پەيدىنپەي ئۆستۈرۈشى كېرەك.

**26 - ماددا** تىل - يېزىق ۋە تەرجىمە خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى ئاپپارات دۆلەتنىڭ ئورتاق تىل - يېزىقى خىزمىتىنى قانۇن بويىچە يولغا قويۇشى، مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشى، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىشىنى تەشەببۇس قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىشى كېرەك.

جامائەت سورۇنلىرى، جامائەت ئەسلىھەسى، شۇنىڭدەك جامائەت مۇلازىمەت ساھەسىدىكى تاختا، ئېلان، ئۇقتۇرۇش، بەلگە تاختىسى، تەشۋىقات تۈرىدىكى، جامائەتچىلىك تۈرىدىكى شوئار قاتارلىقلاردا قېلىپلاشقان دۆلەتنىڭ ئورتاق تىل - يېزىقى بىلەن شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىنى تەڭ قوللىنىش كېرەك.

**27 - ماددا** مەدەنىيەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقى، تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى تارماقلىرى مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ۋە ئەنئەنىۋى قەدىمىي كەنتلەرنى قوغداش سالمىقىنى زورايتىپ، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە قەدىمىي ئەسەرلەرنى توپلاش، قوغداش، قۇتقۇزۇش، قېزىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قوللىشى كېرەك.

**28 - ماددا** دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار ئۆزگىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بازىسى قۇرۇش، پەن - تېخنىكىنى تىرەك قىلىش، پىششىقلاپ ئايلاندۇرۇش، بازار ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىقتىدار قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، زامانىۋى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئۆزگىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق كەسىپلىرىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئۇزاققىچە مۇقىم ئاشۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ ماددىي ئاساسىنى پۇختىلىشى كېرەك.

**29 - ماددا** تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات، مالىيە، ساياھەت، مىللەتلەر ئىشلىرى، سودا، باج، پۇل مۇئامىلە تارماقلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مىللىي سودىنى يۆلەش، ئالاھىدە مىللىي تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش، مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە ساياھەتچىلىككە دائىر ئېتىبار سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللىي ماركىنى يېتىلدۈرۈپ، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

## 3 - باب ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت

**30 - ماددا** مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرى — پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. ھەر مىللەت پۇقرالىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى ۋە ۋەتەننى، شىنجاڭنى سۆيۈش، ئىتتىپاق ئۆتۈش، تۆھپە قوشۇش، تىرىشىپ ئىشلەش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئېچىۋېتىش، ئىلگىرىلەشتەك شىنجاڭ روھىنى ئەمەلدە كۆرسىتىشى كېرەك.

ھەر مىللەت پۇقرالىرى ئۆزئارا چۈشىنىپ، ئۆزئارا ھۆرمەتلەپ، ئۆزئارا يول قويۇپ، ئۆزئارا بەھرىلىنىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداشلاردىن بولۇشى كېرەك.

**31 - ماددا** ھەر مىللەت پۇقرالىرى بىر - بىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىشى، ئۆرپ - ئادەتكە ياتىدىغان مەسىلىلەرگە ھۆرمەت قىلىش پوزىتسىيەسى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك.

**32 - ماددا** ھەر مىللەت پۇقرالىرى زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش، قانۇن ئىدارە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، تەرتىپكە ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە

رىئايە قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئىناقلىقنى پائال قوغدىشى كېرەك.

**33 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئاممىۋى خىزمەت ئۇستۇنلۇكىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرى خىزمىتىنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەت مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىغا ئورتاق تۆرتكە بولىدىغان كەيپىياتنى يارىتىشى كېرەك.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى بىلەن ئالاقە باغلاشتەك كۆۋرۈكلۈك، ۋاستىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ياشلار، ئۆسمۈرلەرنى يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ياشلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشى، ئۇيۇشتۇرۇشى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىغا پائال قاتنىشىشقا يېتەكلىشى؛ ياشلار، ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا ئېجىللىق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇرۇقىنى چېچىشى، ئۇلارنى بىللە ئويناش، بىللە ئۆگىنىش، بىللە ئۆسۈپ يېتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللارنىڭ جەمئىيەت ۋە ئائىلىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاياللىرىغا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىدا ئىتتىپاق، ئىناق، ئېجىل قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئائىلە مۇناسىۋىتىنى ئورتاق ئورنىتىش ھەققىدە تەربىيە بېرىشى ۋە ئۇلارنى يېتەكلىشى كېرەك.

**34 ـ ماددا** سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇستۇنلۇكىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

**35 ـ ماددا** مەكتەپلەر ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە قارىتا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى خىزمىتىنى كۈچەيتىشى، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، سىڭدۈرمىچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئاڭلىق ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ «ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش»تىكى تەربىيەلەش، يېتەكلەش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش، باشلامچى بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئىلىم ـ پەنگە، ھەقىقەتكە ئىنتىلىشكە، نادانلىقنى تۈگىتىشكە، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇشقا ۋە ئەسەبىيلىكنى توسۇشقا يېتەكلىشى كېرەك.

ھەرقانداق كىشىنىڭ مەكتەپلەردىكى دەرسخانا، مۇنبەر قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا خەۋپ يەتكۈزىدىغان سۆزلەرنى تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**36 ـ ماددا** پارتىيە مەكتىپى، مەمۇرىي ئىنستىتۇت، سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتى قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل تەربىيەلەش ئاپپاراتلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى ئوقۇتۇش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرى، پارتىيەنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىگە دائىر تەربىيە پائالىيەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرى تەربىيەسىدىكى مۇھىم بازىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئالاقىدار ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ماركسىزملىق مىللەت ـ دىن نەزەرىيەسى ۋە سىياسەت تەتقىقاتىنى، شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، زور ئىدىيەۋى نەزەرىيە مەسىلىسىنى تەھلىل قىلىش، يېتەكلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «پانتۈركىزم»، «پانئىسلامىزم»، «مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش»، «يۇكسەك ئاپتونومىيە» قاتارلىق خاتا قاراشلارغا بايرىقى روشەن ھالدا رەددىيە بېرىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللىشى كېرەك.

**37 ـ ماددا** ئاممىۋى تاراتقۇلار، يېڭى تاراتقۇلار ۋاستە ۋە ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭى تېخنىكا، يېڭى تاراتقۇلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكتلار ۋە قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن خەۋەر بېرىش پائالىيىتىنى كۆپ يول ۋە كۆپ تەرەپتىن قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

**38 ـ ماددا** تۈرلۈك كارخانىلار ھەر مىللەت پۇقرالىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى ئاساسىي يوللۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاشتىكى سىياسىي مەسئۇلىيىتى ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك.

تۈرلۈك كارخانىلار مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كارخانا تەرەققىيات يىرىك پىلانىغا كىرگۈزۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىدىكى نەمۇنە كارخانىلارنى پائال بەرپا قىلىشى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىدىكى نەمۇنە كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلىشى كېرەك.

**39 ـ ماددا** ئائىلىلەر مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىدا ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

ئاتا ـ ئانا ۋە باشقا ۋەسىيلەر پەرزەنتلىرىگە ياخشى پەزىلەتنى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىشى، پەرزەنتلىرىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىدىيەسى بىلەن تەربىيەلىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت ئىناقلىقى ئىدىيەسىنى يېتىلدۈرۈشى ۋە تارقىتىشى كېرەك.

**40 ـ ماددا** دىنىي زاتلار دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارغا ئۆز ئارا يول قويۇش، ئىناق ئۆتۈش ۋە ئىتتىپاق، دوستانە بولۇش ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىپ، ۋەتەننى سۆيۈش، تىنچلىقنى قەدىرلەش، ئىناق ئۆتۈش، ئوتتۇرا يول تۇتۇش، كەڭ قورساق بولۇش، ساۋابلىق ئىش قىلىش قاتارلىق دىنىي ئەقىدىلەرنى ۋەز ـ تەبلىغ جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنى توغرا ئېتىقاد، توغرا ھەرىكەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى ئاڭلىق چەكلەپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرۇشقا پائال يېتەكلىشى كېرەك.

**41 ـ ماددا** ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ جەمئىيەت تەرتىپى، خىزمەت تەرتىپى ۋە تۇرمۇش تەرتىپىگە دەخلى قىلىشىغا، دۆلەتنىڭ مەمۇرىيەت، قانۇن يۈرگۈزۈش، مائارىپ، مەدەنىيەت، ئىدىئولوگىيە ساھەسى... 

**42 ـ ماددا** ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز گەپ ـ سۆزلەرنى تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز ئۈچۈرلارنى توپلىشىغا، بېرىشىگە، تەييارلىشىغا، تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ؛ ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تەرغىب قىلىشىغا، تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قۇترىتىدىغان، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارنى سادىر قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**43 ـ ماددا** ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ جاي، مىللەت ئايرىمىسى، دىنىي ئېتىقادى ۋە باشقا ئامىللارنى باھانە قىلىپ، چەتكە قېقىش، كەمسىتىش ۋە توسۇق قۇرۇش ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇش، بازار رىقابىتىگە باراۋەر قاتنىشىش، شۇنىڭدەك ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات نەتىجىلىرى ۋە ئاساسىي جامائەت مۇلازىمىتىدىن باراۋەر بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزۈشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**44 ـ ماددا** ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال، ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرى، كىنو ـ تېلېۋىزىيە، تور قاتارلىق ۋاسىتىلەردە، شۇنىڭدەك يەر نامى، كارخانا نامى، مەھسۇلات ماركىسى، ئېلان تارقىتىش ۋە سودا خاراكتېرلىك باشقا پائالىيەتلەردە مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزىدىغان، غۇرۇرىغا تېگىدىغان، دىلىغا ئازار بېرىدىغان مەزمۇننى چىقىرىشىغا ۋە شۇنداق ھەرىكەتلەردە بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.

ئۆرپ ـ ئادەتكە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزىدىغان، مىللەتلەرنىڭ دىلىغا ئازار بېرىدىغان، مىللىي كەمسىتىش، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قۇترىتىدىغان مەزمۇندىكى پىروگراممىلارنى ئىشلەش، قويۇش ۋە تارقىتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**45 ـ ماددا** مېھمانخانا، مېھمانساراي، گاراژ ـ ۋوگزال، كۆجۈم بازار قاتارلىق ئاممىۋى پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە تۆمۈريول، خەلق ئاۋىياتسىيەسى قاتارلىق قاتناش ـ ترانسپورت ساھەسى كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت پۇقرالىرىغا باراۋەر مۇلازىمەت قىلىشى، جاي، مىللەت ئايرىمىسى، دىنىي ئېتىقادى ۋە تۇر-

موش ئادىتىنى باھانە قىلىپ كەمسىتمەسلىكى، باشقىچە يول بىلەن كەمسىتمەسلىكى ياكى مۇلازىمەت قىلماي تۇرۇۋالماسلىقى كېرەك.

يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت ساھەلىرى قانۇنلۇق تىجارەت قىلىشى، سەمىمىي، دوستانە بولۇشى كېرەك؛ دۇكان ۋە ۋىۋىسكا تاختىسى، يېمەكلىكنىڭ نامى، ئوراش - قاچىلاش، ئېلانلاردا قانۇن - نىزاملارغا خىلاپ بولغان تىل - يېزىق، بەلگە، نەقىش ھەم ئۇلارنىڭ بىرىكتۈرمىسىنى ئىشلەتمەسلىكى، مىللەتلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك.

## 4 - باب كاپالەت ۋە نازارەتچىلىك

**46 - ماددا** مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرى خىزمىتىدە رەھبەرلەر مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ۋە يىللىق نىشان مەسئۇلىيىتىنى باھالاش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ خىزمەت تارماقلىرىنىڭ خىزمەت نەتىجە - ئۇنۇمىنى باھالاش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلىدۇ.

**47 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرى خىزمىتى خىراجىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك.

**48 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنى قەرەللىك ھالدا ئېچىپ، مىللەتلەر بىرلىشىپ ئىگىلىك يارىتىش، نامراتلارنى يۆلەش، بىر - بىرىگە ياردەم بېرىش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان، گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلىشى، مۇكاپاتلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايون ئاز دېگەندە بەش يىلدا، ئوبلاست، شەھەر (ۋىلايەت)لەر ئاز دېگەندە ئۈچ يىلدا، ناھىيە (شەھەر، رايون)لەر ئاز دېگەندە ئىككى يىلدا بىر قېتىم مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىشى كېرەك.

**49 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى ئىستراتېگىيەلىك، ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەت سۈپىتىدە ئىشلەپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرى نەتىجىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ئاممىنى تەربىيەلىشى، ئاممىغا تەشۋىق قىلىشى ۋە كىشىلەرنىڭ قەلبىنى مايىل قىلىشى كېرەك.

**50 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە ئۈلگە كۆرسەتكەن ئورۇنلارغا ھەر يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىر قېتىم مۇكاپات بېرىلسە بولىدۇ.

مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە بەرپا قىلىش ۋە مۇكاپاتلاش چارىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى چىقىرىدۇ.

**51 - ماددا** ھەر يىلى 5 - ئاي ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى ئېيى قىلىنىدۇ.

**52 - ماددا** مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى پائالىيىتىدە ئۇنۇمگە ئەھمىيەت بېرىش، ئەمەلىيەتكە، تۇرمۇشقا، ئاممىغا يېقىنلىشىش، تەربىيە پائالىيىتىنىڭ جەلپكارلىقى، تەسىرچانلىقى ۋە قايىلچانلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى پائالىيىتىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىسى، مۇزېي، ئىنقىلابىي تارىخىي خاتىرە سارىيى (ئورنى)، ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى قاتارلىق سورۇنلاردىن پايدىلىنىپ يولغا قويۇش كېرەك، شارائىتى بار جايلار مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات ئىشلىرى تەربىيە بازىسى قۇرسا بولىدۇ.

**53 - ماددا** گېزىت، ژۇرنال، رادىيو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئاممىۋى تاراتقۇلار، شۇنىڭدەك ئالاقە تورى، يان تېلېفون قاتارلىق يېڭى تاراتقۇلار جامائەت پىكرى نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرىدىكى تىپىك ئىش - ئىزلار ۋە شەخسلەرنى تەشۋىق قىلىشى، بۇ ھەقتە خەۋەر بېرىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلارنى پاش قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىشى كېرەك.

**54 - ماددا** پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلار مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى نازارەت قىلىش، تەنقىد قىلىش، توسۇش ۋە پاش قىلىشقا ھوقۇقلۇق. پاش قىلىش ماتېرىيالىنى قانۇن بويىچە قوبۇل قىلغان ئالاقىدار تارماقلار ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى ھەمدە جاۋاب بېرىشى كېرەك.

## 5 - باب قانۇن جاۋابكارلىقى

www.uyghurkitap.com



**55 ـ ماددا** دۆلەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار، شەھەر ـ يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ۋە باشقا تەشكىلاتلاردىن تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلگەنلىرىگە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مىللەت ـ دىن ئىشلىرى تارمىقى ئالاقىدار تارماق ۋە ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە تەنقىد ـ تەربىيە بېرىدۇ، تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، تۈزىتىش مەزگىلىدە ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل ئىلغار كوللېكتىپلارنى باھالاشقا قاتناشسا بولمايدۇ؛ مۆھلەت ئۆتسىمۇ تۈزەتمىگەنلىرىنى بىر دەرىجە يۇقىرى مەسئۇل تارمىقى شۇ مەمۇرىي رايون دائىرىسىدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ، مۇناسىپ شەرەپ نامى ۋە ئۆلچەمگە يەتكەن ئورۇن سالاھىيىتىنى بىكار قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئورۇننىڭ ئاساسلىق مەسئۇلى، بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىمى ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلىرى مۇناسىپ جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ:

(1) مۇشۇ نىزامدا بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغانلار؛

(2) پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەنلەر؛

(3) شۇ ئورۇننىڭ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىغا تەسىر يەتكۈزگەن زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلماي، ھەل قىلماي، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاممىۋى ۋەقەلەرنى پەيدا قىلغانلار ھەمدە ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغانلار؛

(4) مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ باشقا قىلمىشلار.

**56 ـ ماددا** مۇشۇ نىزامنىڭ 42 ـ، 43 ـ، 44 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا ئىشلەيدىغان ئورنى، يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارمىقى تەنقىد ـ تەربىيە بېرىدۇ، تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ ئامانلىق باشقۇرۇشقا خىلاپ قىلمىشى بولغانلارغا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قانۇن بويىچە ئامانلىق باشقۇرۇش جازاسى بېرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنى قانۇن يۈرگۈزگۈچى ئورگان قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىدۇ.

**57 ـ ماددا** مۇشۇ نىزامنىڭ 45 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇل تارمىقى تەنقىد ـ تەربىيە بېرىدۇ، تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى بارلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە 1000 يۈەندىن يۇقىرى، 10 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ ئامانلىق باشقۇرۇشقا خىلاپ قىلمىشى بارلارغا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قانۇن بويىچە ئامانلىق باشقۇرۇش جازاسى بېرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنى قانۇن يۈرگۈزگۈچى ئورگان قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىدۇ؛ پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارغا زىيان سالغانلار قانۇن بويىچە ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

**58 ـ ماددا** دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىدىن مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرى خىزمىتىدە بىپەرۋالىق قىلغان، ساختىپەزلىك قىلغان، خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلانغانلىرىغا ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارمىقى تەنقىد ـ تەربىيە بېرىدۇ ھەمدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولسا، ئورۇننىڭ ئاساسلىق مەسئۇل خادىمى، بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىمى ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلىرىغا قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنى قانۇن يۈرگۈزگۈچى ئورگان قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىدۇ.

**59 ـ ماددا** مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتىن جازا بېرىلىدىغان باشقا قىلمىشلارغا ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

## 6 ـ باب قوشۇمچە پرىنسىپ

**60 ـ ماددا** بۇ نىزام 2016 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ، 2009 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 11 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى نىزامى» بىكار قىلىنىدۇ.

# «پۇل دېگەن شۇنداق نەرسە»

## ناملىق كىنو فىلمىنىڭ سېھرىي كۈچى



ئەسقەرجان ئەنۋەر ئەلسۆيەر



www.uyghurkitap.com





## مۇھەررىردىن تېز ئۇچۇر:

**«تەگرىتاغ» كىنو ئىستۇدىيەسى ئىشلىگەن «پۇل دېگەن شۇنداق نەرسە» ناملىق كومېدىيەلىك فىلىم 2015 ـ يىل 16 ـ سېنتەبىر جىلىن ئۆلكىسىنىڭ جىلىن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 24 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو «ئالتۇن خوراز» بارچە گۈللەر (بەيخۇا) كىنو فېستىۋالىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر كىنو كۆرىكىدە «مۇنەۋۋەر فىلىم» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.**

«تەگرىتاغ» كىنو ئىستۇدىيەسى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنى ئاساسىي كۆرۈنۈش قىلىپ ئىشلىگەن «پۇل دېگەن شۇنداق نەرسە» ناملىق فىلىم كۆرۈرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى.

بۇ فىلىمدە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ گىرۋىكىدىكى كىچىك بىر كەنتتە ئولتۇرۇشلۇق ئالىم، كېرىم، سەلىمدىن ئىبارەت ئۈچ دېھقاننىڭ دوستى مۇسانىڭ قولىدا ئىشلەمچىلىك قىلىۋېتىپ، 1953 ـ يىلى ئىككىنچى قېتىم بېسىلغان 10 مىڭ يۈەن كونا خەلق پۇلىنى تېپىۋالغاندىن كېيىن تۇرمۇشىدا داۋالغۇش بولغانلىقى، ئائىلە شارائىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان ئالىمنىڭ بۇ پۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغانلىقى؛ سودىغا ئېپى بار، مىجەزى شوخ كېرىمنىڭ پۇلنى ئۆزلىرى ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلغانلىقى؛ گۈزەل قىز گۈلشەنگە ئاشىق ـ بىقارار بولۇپ يۈرگەن سەلىمنىڭ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالغانلىقىدەك ۋەقەلىكلەر كومېدىيەلىك ئۇسۇللار بىلەن ئىپادىلىنىپ، پۇلنىڭ ھەممىگە قادىر ئەمەسلىكى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ قىممىتىنى پۇل بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدىغانلىقى ئىسپاتلاپ بېرىلگەن.

«پۇل دېگەن شۇنداق نەرسە» ناملىق بۇ فىلىمنىڭ سېنارىيەسىنى «تەگرىتاغ» كىنو ئىستۇدىيەسىنىڭ دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك رېژىسسورى ئارسلان ئابدۇكېرىم يېزىپ، رېژىسسورلۇقىنى ئۆزى قىلغان بولۇپ، 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان. بۇ، «تەگرىتاغ» كىنو ئىستۇدىيەسىنىڭ 30 يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئىشلىگەن سودا خاراكتېرلىك فىلىمدۇر. ئابدۇكېرىم ئابلىز، دىلشات بارات سۇلتانى، مەمەتجان روزى سايىت، ئابدۇللا ئابدۇرېھىم، خۇرشىدە تۇردى، ماھىرە ئەمەتجان قاتارلىق داڭلىق ئارتىسلار فىلىمدىكى ئاساسلىق روللارنى ئالغان.

ئارسلان ئابدۇكېرىم («تەگرىتاغ» كىنو ئىستۇدىيەسىنىڭ دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك رېژىسسورى، سېنارىست) فىلىم ھەققىدە مۇنۇلارنى دەپ بەردى: «پۇل دېگەن شۇنداق نەرسە» ناملىق كومېدىيەلىك فىلىمنىڭ سېنارىيەسىنى ئۆزۈم يازدىم، رېژىسسورلۇقىنىمۇ ئۆزۈم قىلدىم. بۇ فىلىمنىڭ سېنارىيەسىنى يېزىشقا دەسلەپتە بىر يىل ۋاقىت كەتتى. كېيىن ئازاد سۇلتان، ئىمىن ئەھمىدى، مۇختار مەخسۇت، ئۆمەر قادىر قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرى ئاساسىدا 18 قېتىم ئۆزگەرتتىم. ئىستۇدىيەمىز 1980 ـ يىللاردا ئۇيغۇرلار تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن بىرقانچە كومېدىيەلىك فىلىم ئىشلىگەنىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن كومېدىيەلىك فىلىم ئىشلەپ باقمىدى. ئۇيغۇرلار كومېدىيەنى ياخشى كۆرىدۇ، مەن خەلقىمىزنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا بۇ سېنارىيەنى يازدىم. «سېنارىيەدىكى ئوبرازلارنى ئارتىسلارغا قاراتـ

مىلىق ھالدا يازسام، رول ئېلىشقا قولايلىق بولىدۇ، ۋەقەلىكمۇ چىن چىقىدۇ» دەپ قارىغانلىقىم ئۈچۈن، باشتىلا كاللامدا روللارنى ئارتىسلارغا تەقسىملىۋالدىم. شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، سېنارىيە پۈتۈپ چىقىپ فىلىم ئىشلىنىشكە باشلانغاندا، ئابدۇكېرىم ئابلىز، دىلشات بارات سۇلتانى، مەمەتجان روزى سايىت قاتارلىقلار رولنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياخشى ئوينىيالىدى.

بۇ فىلىمدىكى ئۈچ پېرسوناژغا ئۇچراپ قالغان پۇلنىڭ ئىگىسى 80 نەچچە ياشقا كىرگەن بىر بوۋاي بولۇپ، 60 يىلنىڭ ئالدىدا كاسىرلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە ئۇ بۇ بىر چامادان كونا خەلق پۇلىنى ئىشخانىسىدا ساقلايدۇ، ئەمما ئويلىمىغان يەردىن كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، پۇل يىتىپ كېتىدۇ. بوۋاي ئىدارىسىنىڭ 10 مىڭ يۈەن پۇلىنى يىتتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، رەھبەرلىرى ئۇنى «پۇلغا خىيانەت قىلدى» دەپ قاراپ خىزمەتتىن بوشىتىدۇ. 60 يىلدىن بۇيان ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىغا خىيانەت قىلمىغانلىقىنى ئىسپاتلاش كويىدا يۈرىدۇ... پۇل يىتىپ كېتىپ 60 يىلدىن كېيىن ئالىم، سەلىم، كېرىم قاتارلىقلار بۇ پۇلنى تېپىۋېلىپ، بىر قاتار ۋەقەلىكلەردىن كېيىن بوۋايغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بوۋاي ئاخىر ئۆزىنى ئاقلىغان بولىدۇ، لېكىن سەلىم بىلەن كېرىمنىڭ بۇ 10 مىڭ يۈەن كونا خەلق پۇلى ئارقىلىق «بىر كېچىدىلا باي بولۇش ئارزۇسى» كۆپۈككە ئايلىنىدۇ... مەن بۇ فىلىمنىڭ ۋەقەلىكىنى يۇقىرىقىدەك يېزىش ئارقىلىق، ئەجىرسىز كەلگەن بايلىقنىڭ ئادەمگە ھامان ئەسقاتمايدىغانلىقى، پۇلنىڭ ھەممىگە قادىر ئەمەسلىكى، سەممىيلىكنىڭ ئەڭ زور بايلىق ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بەرمەكچى بولدۇم.

فىلىمگە قاتناشقان ئارتىسلار ۋە باشقا خىزمەتچىلەر بۇ فىلىمنى ئىشلەشتە كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى، ھېرىپ-چارچاشتىن، قاتتىق سوغۇق، پىژغىرىم ئىسسىقتىن قورقمىدى. فىلىم ئىشلىنىپ بولغاندىن كېيىن، فىلىمگە ناھايىتى ياخشى باھالارنى بەرگەنىدى، شۇ چاغدىلا ھاردۇقىمىز چىققاندەك بولدى.

ئۆمەر قادىر (شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىدىن، سېنارىست، ئالىي مۇھەررىر) مۇنداق دەيدۇ: ئارسلان ئابدۇكېرىم يازغان ۋە رېژىسسورلۇق قىلغان «پۇل دېگەن شۇنداق نەرسە» ناملىق بۇ فىلىمنىڭ سېنارىيەسى ھەققىدە مەن خېلى تەپسىلىي مەلۇماتلارغا ئىگە. ئارسلان ئابدۇكېرىم بۇ فىلىمنىڭ ئەسلىي سېنارىيەسىنى 1996-يىلى يازغان، شۇنىڭدىن كېيىن 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە بۇ سېنارىيەنى نەچچە قېتىملاپ ئۆزگەرتىپ يازدى. تىنىمسىز ئىزدىنىش-ئەجىر قىلىش ئارقىسىدا 2014-يىلىغا كەلگەندە ئاندىن مەزكۇر سېنارىيە رەسمىي فىلىم بولۇپ ئىشلىنىپ، تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. مەن ئارسلان ئابدۇكېرىمنىڭ كىنوچىلىق سەنئىتىگە ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا تەشەككۈر ئېيتىمەن. فىلىمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ھەققىدە گەپ قىلساق، «پۇل دېگەن شۇنداق نەرسە» ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا ئىشلەنگەن، قويۇق كومېدىيەلىك تۈسكە ئىگە، كىشىگە مەنىۋى ھۇزۇر ۋە شادلىق بېغىشلايدىغان نادىر كىنو فىلىم ھېسابلىنىدۇ. دەرۋەقە، كومېدىيەلىك فىلىم ئىشلەش ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس، بۇ فىلىم كۈلكە ئىچىدە ئادەمنى ئويلاندۇرىدۇ. فىلىمدە ئالىم، كېرىم، سەلىمدىن ئىبارەت ئۈچ پېرسوناژنىڭ ئوخشاشمىغان كەچۈرمىشلىرى، ھېس-تۇيغۇلىرى ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ پۇل ۋە مال-دۇنيا ئالدىدىكى روھىي دۇنياسى ئېچىپ بېرىلگەن. مېنىڭچە، بۇ فىلىم مەزمۇن جەھەتتىن ياكى بەدىئىيلىك جەھەتتىن بولسۇن ئۇتۇقلۇق چىققان بولۇپ، ھازىرقى زامان ئادەملىرىگە ھەم كۈلكە، ھەم تەربىيە بېرەلەيدىغان ئېسىل فىلىم ھېسابلىنىدۇ. فىلىمدىكى نۇرغۇن قىزىقارلىق ۋەقەلەر ئادەمنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ كومېدىيەلىك ھەرىكەت ۋە دىيالوگلىرىمۇ خاسلىققا ئىگە بولۇپ، كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ. رايونىمىزدا كومېدىيەلىك فىلىم ئىشلەنمىگىلى ئۇزاق يىللار بولغان ۋە خەلقىمىز كومېدىيەگە تەشنا بولۇۋاتقان بىر پەيتتە «پۇل دېگەن شۇنداق نەرسە» كىنو فىلىمىنىڭ ئىشلىنىشى كىنوچىلىقتىكى كاتتا ئىش ھېسابلىنىدۇ.

ئابدۇكېرىم ئابلىز («تەڭرىتاغ» كىنو ئىستۇدىيەسىنىڭ رېژىسسورى، دۆلەتلىك 1-دەرىجىلىك ئارتىس): «پۇل دېگەن شۇنداق نەرسە» ناملىق كىنو فىلىم كومېدىيە تۈسى جەھەتتىن «يەڭگىل كومېدىيەلىك فىلىم» تۈرىگە كىرىدۇ. ئارسلان ئابدۇكېرىم بۇ فىلىمنىڭ سېنارىيەسىنى يېزىشنى باشلىغاندىلا ئۆزۈمنىڭ تەكلىپ-پىكىرلىرىمنى بەرگەنىدىم. ئارسلان ئابدۇكېرىم تەكلىپلىرىمنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ، فىلىمنىڭ سېنارىيەسىنى ئۇتۇقلۇق يېزىپ چىقتى. ھەرقانداق بىر فىلىمنى ئىشلەشتە مۇناسىپ جاپا تارتىدىغان گەپ، ئەمما بۇ فىلىمنىڭ جاپاسى باشقا فىلىملەرنىڭ جاپاسىدىن


ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





نەچچە ھەسسە كۆپ بولدى. فىلىمنىڭ سىنارىيەسى دەسلەپتە خەنزۇچە يېزىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسىنى كومېدىيەلىك قىلىپ چىقىرىشقا مەن خېلى كۆپ تۆھپە قوشتۇم. «بىر نەچچە مەيدان كۆرۈنۈشنى ئۆزۈم يازدىم» دېسەممۇ بولىدۇ؛ فىلىمنىڭ تىلىنى ئاممىبابلاشتۇرۇشقا كۆپ كۈچ سەرپ قىلدىم، فىلىم ئاخىرىدىكى ناخشىنىڭ تېكىستىنى ئۆزۈم يېزىپ، ناخشىسىنى ئېيتتىم. ئارتىسلارنى يېتەكلەش، فىلىمنىڭ تۇرمۇشقا يېقىن بولۇشى قاتارلىقلاردىمۇ ئۆزۈمنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى ئايىمىدىم. فىلىمنىڭ ئىسمىمۇ مېنىڭ تەۋسىيەم بويىچە قويۇلغان. بۇ فىلىم ئىشلىنىپ چىققاندىن كېيىن، «رېژىسسورىمىز ئارسلان ئابدۇكېرىمنى ناھايىتى سەۋرچان ئادەم ئىكەن» دەپ ئويلاپ قالدىم، چۈنكى بىر فىلىمنى ئىشلەش ئۈچۈن سەككىز يىل ئىزچىل كاللا قاتۇرۇپ يۈرۈش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس. ئارسلان ئابدۇكېرىم بۇ فىلىمنى ئىشلەش نىيىتىدىن قەتئىي ۋاز كەچمىدى. رېژىسسورىمىزنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن، بىز ئارتىسلار ھېيت - بايراملاردىمۇ دەم ئالماي رولغا چىقتۇق، مۇنداقچە ئېيتقاندا، دىيارىمىزنىڭ كىنوچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەممەيلەن ئورتاق تىرىشتۇق. ئۆزۈمنى مىسالغا ئالسام، فىلىمدىكى ئوبرازنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن بۇرۇتۇمنى چۈشۈرۈۋېتىشكە مەجبۇر بولدۇم، بۇ ماڭا بەك ئېغىر كەلدى. ئەمما، مەن بىر ئارتىس بولغاندىكەنمەن، رولنىڭ ئېھتىياجى مەندىن نېمىنى كۈتسە، ئىمكانقەدەر شۇنى ئورۇنلىشىم كېرەك. يەنە بىرى، مەن 2013 - يىلى ئېتوت كېچىلىكى ئۆتكۈزمەكچىدىم، مۇشۇ فىلىمدە رول ئېلىش توغرا كېلىپ قالغاچقا، ئېتوت كېچىلىكىمنى ئۆتكۈزۈشتىن ۋاز كەچتىم. دېمەك، مېنىڭ بۇ فىلىم ئۈچۈن بەرگەن قۇربانلىقىم خېلى كۆپ بولدى. بۇ فىلىمنىڭ مەزمۇنى ئوچۇق، ۋەقەلىكى جەلپ قىلارلىق بولغاچقا، خەلقئارادا قويۇلۇپ قالسىمۇ ياخشى ئىناۋەت تاپالايدۇ. مۇكاپاتلارغا ئېرىشەلىشىدىمۇ ئۈمىد بار، دەپ قارايمەن.

دىلشات بارات سۇلتانى (شىنجاڭ رادىيو - كىنو - تېلېۋىزىيە تەرجىمە مەركىزىنىڭ ئاۋاز ئارتىسى، ئاۋاز رېژىسسورى، 1 - دەرىجىلىك ئارتىس): مەن «پۇل دېگەن شۇنداق نەرسە» ناملىق فىلىمگە رول ئېلىشقا تاللانغاندىن كېيىن مەسئۇلىيىتىمنىڭ ناھايىتى ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇنىڭدىن بۇرۇن مەن فىلىملەردە ئاساسەن سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ رولىنى ئالغان، يەنى ئۇ فىلىملەردە گاھىدا باندىت، گاھىدا غوجىدار، گاھىدا ئوغرى -



يانچۇقچىلار باشلىقىنىڭ رولىنى ئالغانىدىم، ئەمما «پۇل دېگەن شۇنداق نەرسە» ناملىق فىلىمدە مەن ئوينايدىغان رول ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، ھارام بايلىققا كۆز قىزارتمايدىغان، ئائىلىسىگە سادىق، تۇرمۇشقا پىشقان ئادەم ئوبرازى ئىكەن. مەن بۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ، رېژىسسوردىن: «مەن بۇ قېتىم ئەجابىي پېرسوناژنىڭ رولىنى ئالامدىم؟» دەپ سورىسام، ئۇ ماڭا: «مەن بۇ رولنى ئىككى يىل بۇرۇنلا ساڭا بۆلۈپ بولغان، سەن مۇشۇ قىياپەتىڭ بىلەن بۇ رولنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ كېتەلەيسەن» دېدى. رېژىسسورنىڭ بۇ سۆزى ماڭا خېلى ئىلھام بولدى. شۇنداق قىلىپ، مەن فىلىمدە رول ئېلىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن كىرىشىپ كەتتىم. بۇ فىلىم شىنجاڭدا ئىشلەنگەن سودا خاراكتېرىنى ئالغان تۇنجى فىلىم. دىيارىمىزدا بۇنىڭدىن بۇرۇن ئىشلەنگەن كومېدىيەلىك فىلىملەرنىڭ كۆپىنچىسىدە كۆرۈرمەنلەرنى زورلاپ كۈلدۈرۈش ئاساسىي تېما قىلىنغانىدى، ئەمما بۇ فىلىمدىكى كومېدىيەلىك ۋەقەلىكلەر كىشىلەرنى تەبىئىيلا كۈلدۈرىدۇ.

«پۇل دېگەن شۇنداق نەرسە» ناملىق فىلىمدە مۇھەببەت، نەپرەت، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك قاتارلىقلارغا ئائىت كۆرۈنۈش ۋە ۋەقەلىكلەر بىر - بىرى بىلەن زەنجىرسىمان تۇتىشىپ كەتكەن. بۇ فىلىمنىڭ سېنارىيەسى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن يېزىلغان. بەزى ئاپتورلار بىرەر ئەسەر يازسا قايتا ئۆزگەرتىشكە قېرىقلىق قىلىدۇ، ئەمما رېژىسسورىمىز ئارسلان ئابدۇكېرىم فىلىمنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن كەمتەرلىك ۋە كەسپكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئۇنى مۇتەخەسسىسلەرگە كۆرسەتكەندىن كېيىن قايتا - قايتا تۈزەتتى. بىز بۇ فىلىمنى سۈرەتكە ئېلىشنى ئۈرۈمچىدە تۇنجى قار ياغقان بىر كۈنى باشلىغانىدۇق، بىز شۇ چاغدا ناھايىتى توڭلاپ كەتكەن بولساقمۇ، تەرلىگەن كۆرۈنۈشنى چىقاردۇق؛ بىز تەكلىماكان قۇملۇقىغا بارغاندا، قۇم ھارارىتى تېرىمىزنى زىيادە قىلىۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن بىرقانچە ئارتىسىمىز ئاغرىپمۇ قالدى. بۇ فىلىمنى كۆرگەنلەر بىلىسە كېرەك، بۇ فىلىمدە مېنىڭ قۇمغا كۆمۈلۈپ قالىدىغان بىر كۆرۈنۈشۈم بار، يەنى مەن قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغاندىن كېيىن بېشىملا ئوچۇق قالىدۇ. شۇ چاغدا مەن «بىز مۇشۇنچىلىك ئېغىر جاپالارنى تارتىپ رول ئويناپتىمىز، بىراقلا ياخشى چىقىپ كەتسۇن» دېدىم ۋە بىر قېتىمدىلا رولنى ئويناپ بولدۇم. شۇ چاغدا رېژىسسور «توختا» دېسىمۇ توختىماي رولنى ئويناۋەردىم. فىلىم تۈگىگەندە، بەدىنىمنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتىم. يىغلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ رولدىكى پېرسوناژنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن رېئاللىقتا مېنىڭ بېشىمغا كەلسە، مەن قانداق قىلار بولغىيدىم... دېگەنلەرنى ئويلىغىنىمدىن بولدى...

بۇ فىلىمدە تارىم دەرياسىنىڭ بويىدىكى بىر توغراقلىق باغچىنىڭ ئىچىدە قېيىقتا توي كۆچۈرىدىغان بىر كۆرۈنۈش بار. بەزى كىشىلەر بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ: «بىز ئۇيغۇرلاردا توينى قېيىقتا كۆچۈرىدىغان ئەنئەنە يوق، توي دېگەننى ئاپتوموبىلدا كۆچۈرمەمدۇ؟» دېيىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، بىزدە توينى ئاپتوموبىلدا كۆچۈرىدىغان ئەنئەنىمۇ يوق. كۆرۈرمەنلەرنىڭ مۇشۇ خىل كۆرۈنۈشلەرنى توغرا تەپەككۇر قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز بۇ كۆرۈنۈشنى فىلىمگە كىرگۈزۈش ئارقىلىق دىيارىمىزنىڭ ساياھەتچىلىكىنى خەلقئاراغا تەشۋىق قىلماقچى بولدۇق. ئىلگىرى بىر مەزگىل قىسمەن شەخسىي كىنو سودىگەرلىرى كۆز ئالدىدىكى پايدىنىلا كۆزلەپ كىنو - فىلىم بازىرىمىزنى قالايمىقان قىلدى. مېنىڭچە، «پۇل دېگەن شۇنداق نەرسە» ناملىق فىلىمگە ئوخشاش نادىر فىلىملەرنى كۆپرەك ئىشلەش ئارقىلىق يۇقىرىقىدەك كىنو ھايانكەشلىرىگە زەربە بەرگىلى، شىنجاڭ كىنوچىلىقىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتقىلى بولىدۇ.


مەمەتجان روزى سايىت (شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى، رىياسەتچى): «پۇل دېگەن شۇنداق نەرسە» ناملىق كىنو فىلىمدە مەن سەلىمىنىڭ رولىنى ئالدىم. بۇ فىلىمنىڭ ئاساسلىق پېرسوناژلىرىغا ئارتىس تاللىغاندا، رېژىسسورلار بىر رولغا ئاز بولغاندا 30چە ئارتىسنى ئويلاشقان بولۇپ، ئۇلار ئەستايىدىل ئويلىشىش ئارقىلىق سەلىمىنىڭ رولىنى ماڭا بېرىپتۇ، بۇنىڭدىن مەمنۇن بولدۇم. رېژىسسورىمىز ئارسلان ئابدۇكېرىم فىلىمنى ئىشلەشكە باشلىغاندىلا مېنى يېنىغا چاقىرىپ: «مەمەتجان، سەن بۇ رولغا ماس كېلىسەن، بىراق سەن ئىلگىرى كۆپرەك كومېدىيەلىك روللارنى ئويناپ كەلگەچكە، بۇ رولدىمۇ قىزىقچىلىق قىلىمەن، دەپ ئوبرازنى بۇزۇپ قويۇشۇڭدىن ئەنسىرەيمەن. شۇڭا، خاراكتېرىڭدىكى شوخ تەرەپلەرنى بېسىپ، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن رولغا كىرىشكىن» دېدى. رېژىسسورىمىزنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە رول ئېلىشقا تىرىشتىم.

www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىچىكىمدە يېزىدا چوڭ بولغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ فىلىمدىكى ئاق كۆڭۈل، ساددا دېھقان ئوغلى سەلىم ئوبرازىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى، شۇڭا رولغىمۇ ئاسانلا كىرىپ كەتتىم...

«پۇل دېگەن شۇنداق نەرسە» ناملىق بۇ فىلىمگە رولغا چىقىش جەريانىدا بىز ئارتىسلارنىڭ تارتقان جاپايىمىزمۇ ئاز بولمىدى. قاتتىق سوغۇقتا تەرلىگەن كۆرۈنۈشنى، پىژغىرىم ئىسسىقتا تەرلىگەن كۆرۈنۈشنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئاغرىپ قېلىشتىن، ھېرىپ - چارچاشتىن قورقمىدۇق... بۇ فىلىمنى سۈرەتكە ئېلىش باشلانغاندا ئۈرۈمچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن بەش سېلسىيە گىرادۇس ئىدى، بىز مۇشۇ خىل سوغۇق ھاۋادا تەرلىگەن كۆرۈنۈشنى چىقاردۇق. تەكلىماكان قۇملۇقىدا





رول ئويناش جەريانىدا ھاياتىمىزدا ئۇچراپ باقمىغان قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدۇق. بولۇپمۇ تەكلىماكان قۇملۇقىدا ئۆمىلەيدىغان كۆرۈنۈشىمىز بەك جاپالىق بولدى، بىز شۇ جەرياندا بىر ھەپتە تەييار چۆپ يېدۇق، ياتقىمىزدا ئىسسىق سۇ بولمىغانلىقتىن، سوغۇق سۇدا يۇيۇندۇق.



بۇ فىلىمنى كۆرگەنلەرگە مەلۇمكى، فىلىمدە مېنىڭ «سىگنال پەيدا بولدى!» دەپ ۋارقىرايدىغان بىر كۆرۈنۈشۈم بار. بۇ كۆرۈنۈش نۆلدىن تۆۋەن 10 سېلسىيە گىرادۇسلۇق سوغۇقتا سۈرەتكە ئېلىنغان. دېمەك، شۇ كۆرۈنۈشنى ئېلىشمۇ ماڭا ئاسانغا چۈشمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، مەن مۇشۇ فىلىم ئۈچۈن نۇرغۇن قىممەتلىك پۇرسەتلەردىن ۋاز كەچتىم. مەسىلەن، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ

مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى مېنى 2013 - يىلى 9 - نويابىر شىنجاڭلىقلارغا ۋاكالىتەن ئامېرىكىغا بېرىپ، شىنجاڭلىقلارنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. مەندەك بىر ياش ئارتىسقا نىسبەتەن بۇ ناھايىتى تەستە كېلىدىغان پۇرسەت ئىدى. لېكىن، كىنونىڭ ئېھتىياجى سەۋەبىدىن بۇ پۇرسەتتىن ۋاز كەچتىم. ناۋادا مەن ئامېرىكىغا كەتسەم، شۇ چاغدىكى توغراقلىقنىڭ كۆرۈنۈشىنى ئېلىش ئۈچۈن يەنە بىر يىل ساقلاشقا توغرا كېلەتتى. مېنىڭ بۇ ئىشىمدىن رېژىسسورىمىز ۋە باشقا خىزمەتداشلىرىم خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، مېنىڭ بۇ روھىمدىن تەسىرلەندى. ئاخىرىدا كۆرۈرمەنلەرنىڭ بۇ فىلىمگە دىيارىمىزنىڭ كىنوچىلىقىغا قارىغان كۆزىدە قارىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، بۇ فىلىمگە ئامېرىكا، فىرانسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق كىنو ئىشلەشتە خەلقئارادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان دۆلەتلەرنىڭ كىنو ئىشلەش سەۋىيەسى بويىچە مۇئامىلە قىلسا ئادىل بولمايدۇ.

ئابدۇللا ئابدۇرېھىم (شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك ئارتىسى، ئاتاقلىق ناخشىچى): «پۇل دېگەن شۇنداق نەرسە» ناملىق بۇ فىلىمدە مەن قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى مۇساننىڭ رولىنى ئالدىم. بەزىلەر بەلكىم «ئابدۇللا ئابدۇرېھىم فىلىملەردە باش رول بولسا ئوينىشى، بولمىسا قوشۇمچە روللارغا چىقىپ يۈرمەسلىكى كېرەك» دەپ ئويلىشى مۇمكىن. مېنىڭ نەزىرىمدە، ئارتىسنىڭ چوڭ - كىچىكى بار، رولنىڭ چوڭ - كىچىكى يوق. كىنوچىلىقتا باش رول ئوينىسىلا ياخشى ئارتىس بولىدىغان، قوشۇمچە رول ئوينىسا ناچار ئارتىس بولۇپ قالىدىغان ئىش ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. مۇبادا سىز ئادەتتىكى رول بولسىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوينىيالىسىڭىز، خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ قالىسىز، خەلقنىڭ ھۆرمەتلىشىگە نائىل بولىسىز.

شىنجاڭنىڭ سەنئىتى دوستلۇق، مېھىر - مۇھەببەت، ئۆزئارا ھەمكارلىق تۇسىدە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بىز سەنئەتكارلار كىنولاردا رولغا چىققاندا بەزىلەر ئويلىغاندەك نۇرغۇن پۇل تېپىۋېلىش مەقسىتىدە چىقمايمىز. رېژىسسور ئارسلان ئابدۇكېرىم مېنى بۇ فىلىمگە رول ئېلىشقا بىر تېلېفون بىلەنلا ماقۇل كەلتۈردى. مېنىڭ بۇ فىلىمدە رول ئېلىشقا قوشۇلۇشۇمدا بىرقانچە سەۋەب بار: بىرى، سەنئەت مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغان كەسپىم، دىيارىمىزدىن مەملىكەت ئىچى - سىرتىغا يۈزلەندۈرگىلى بولغۇدەك كىنو - فىلىملەر كۆپلەپ چىقسا بۇنىڭدىن خەلقىمىز خۇشال بولىدۇ. مەن بىر سەنئەتچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن تېخىمۇ خۇشال بولىمەن؛ يەنە بىرى، بۇ فىلىمدە باش رولغا چىققان ئارتىسلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ يېقىن يار - بۇرادەر، ئاغىنىلىرىم، مەسىلەن، ئابدۇكېرىم ئابلىز مېنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم. ئىككىمىز سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ تۇنجى قارارلىق ئاكتيورلۇق كەسپىدە بىللە ئوقۇغان.

خۇرشىدە تۇردى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلەش مەركىزىنىڭ مۇدىرى، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك ئارتىس): «پۇل دېگەن شۇنداق نەرسە» ناملىق بۇ فىلىمدە مەن ئىلگىرى ئۆزۈم ئويناپ باقمىغان بىر ئوبرازنىڭ رولىنى ئوينىدىم. ئىلگىرى ھەشەمەتلىك كىيىنىپ يۈرىدىغان خانىش، ئاغىچا خېنىم، ئوقۇتقۇچى، دوختۇر، ساقچى قاتارلىقلارنىڭ رولىنى كۆپرەك ئالغانىدىم. ئالغان رولۇم ئاساسەن سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ رولى ئىدى، ئەمما بۇ قېتىمقىسى يۈزىدە مېڭى بار، ئالتۇن چىشلىق بىر مومايىنىڭ ئوبرازى. فىلىم قويۇلغاندا كىشىلەر مېنى بىر كۆرۈپلا كۈلۈپ كەتتى. فىلىمنى كۆرۈپ مېنىڭ كىملىكىمنى تونۇيالمىغانلارمۇ كۆپ چىقتى. بۇنىڭغا قاراپ، كۆڭلۈمدە رولنى خېلى ياخشى ئويناپتىمەن، دەپ ئويلىدىم. مېنىڭچە، كىنودا رول ئالماقچى بولغان ھەرقانداق بىر ئارتىس ئۆزىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويماي، ئوبرازنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى كېرەك، چۈنكى ئارتىس ئوبراز يارىتىدۇ، شۇ ياراتقان ئوبرازى ئارقىلىق خەلقنى تەربىيەلەيدۇ، كۆرۈرمەنلەرگە زوق بېرىدۇ.

ماھىرە ئەمەتجان (شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى): «پۇل دېگەن شۇنداق نەرسە» ناملىق بۇ فىلىمدە رول ئېلىشقا دەسلەپتە تاللانغاندا ماڭا خېلى يۇقىرى بېسىم بولدى. چۈنكى، بۇ فىلىمدىكى ئۈچ نەپەر باش پېرسوناژنىڭ ھەممىسى خەلقىمىزنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن ئاتاقلىق چولپانلار بولۇشتىن سىرت، فىلىمدىكى يەنە بىر ئاساسلىق ئايال باش پېرسوناژ بولغان خۇرشىدە ھەدەممۇ ئەلگە تونۇلغان ئاكتيور. مەن 2004 - يىلى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «تەڭرىتاغدىكى ئىس - تۈتەك»تە رول ئالغاندىن كېيىن، ئاساسەن كىنولاردا رول ئېلىپ باقمىغانىدىم. بۇ قېتىم رېژىسسور ئارسلان ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ تەۋسىيەسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com







بىلەن بۇ فىلىمدە سەلىمىنىڭ لايىقى گۈلشەنىنىڭ رولىغا چىقتىم. ئارسلان ئابدۇكېرىم ئاكا ۋە باشقا رولچى ئاكا ـ ھەدىلەر مەن ئالىدىغان رولنى ماڭا بىر كۈن بۇرۇن ئۆ ـ گەتتى، سېنارىيەدىكى بەزى جايلارنى ئابدۇكېرىم ئابلىز ئاكا نەق مەيداندا ئۆزگەرتىپ بەردى. ئەسلىدە بۇ كىنونىڭ سېنارىيەسىدە ئۇسسۇل ئوينايدىغان كۆرۈنۈش يوق ئىدى، بىراق رېژىسسورىمىز مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئۇسسۇل كەسپىدە ئوقۇغانلىقىمنى نەزەردە تۇتۇپ، ئالاھىدىلىكىمـ ـنى جارى قىلدۇرۇۋېلىشىمغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە، سېنارىيەگە مېنىڭ ئۇسسۇل ئوينايدىغان كۆرۈنۈشۈمنى قوشۇپ بەردى. بۇ فىلىمدە مېنىڭ ئەڭ قىينالـ ـغان تەرىپىم شۇ بولدىكى، بۇ فىلىمدە يىغلايدىغان كۆرۈنۈش بەك كۆپ ئىكەن، يەنى فىلىمدە ئاق كۆڭۈل يىگىت سەـ ـلىم بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت دائىم داۋالغۇپ تۇرغاچقا، بىز ھەممىشە ئايرىلىپ كەتمەكچى بولىـ ـمىز، شۇ جەرياندا مەن توختىماي يىغلايمەن... فىلىم ئىشلەش جەريانىدا بىر كۆرۈنۈشنى 13 قېتىمدىن 20 قېتىمـ ـغىچە قايتىلاپ سۈرەتكە ئالىدىغان بولغاچقا، كۆپ قېتىم كۆزۈمگە ياش كەلتۈرۈش ماڭا ھەقىقەتەن تەس كەلدى. ئەمـ ـما، ئۇستازلىرىمنىڭ مەدىتى ۋە ئۆزۈمنىڭ تىرىشچانلىقىم بىلەن بۇ رولنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىدىم. مەن بۇ يەردە بارلىق ئۇستازلىرىمغا ئالاھىدە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

ئاپتورى «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» ئۇيغۇر مۇخبىرلار بۆلۈمىدە / سۈرەتلەرنى «تەڭرىتاغ» كىنو ئىستۇدىيەسى تەمىنلىگەن



گۈلباھار مۇھەممەد ماھى

# مەنىۋى ساپا — ھاياتقا ۋاپا

مەنىۋىيەت كىشىلەرنىڭ ئېڭى، روھىيىتى، ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىدا ھاسىل بولىدىغان ھەمدە سۆز - ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان پىسخىكىلىق ھالەتتۇر. ھەرقانداق ئادەم ئۆز مەنىۋىيىتى بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئادەمنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىنىڭ تاكامۇللۇقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئادەم ئۆمرىنى قورسىقىنى تويدۇرۇش، ماددىي مەنپەئەتنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقىلا سەرپ قىلسا، مۇنداق ياشىغاننىڭ تىرىك مۇردىدىن پەرقى بولمايدۇ. ئىنسان يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇرغان ھەربىر دەقىقىدە، ئۆزىنىڭ مەنىۋىيىتىنى قانداق قىلغاندا تاكامۇللاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ ۋە ئىزدىنىپ، ئەتراپىدا ياخشى بولغان مەنىۋى مەدەنىيەت ھاۋاسى بەرپا قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك.

دۇ. ئۇلار باشقىلار ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشنىمۇ خالىمايدۇ. روھىيىتىنى چىرمىۋالغان شەخسىيەتچىلىك يولىدا بىر ئۆمۈر بويۇن قىسىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ مەنىۋى ساپاسى قانچىكى يۇقىرى بولسا، ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى، بەرگەن باھاسى شۇنىڭغا لايىق يۇقىرى بولىدۇ ھەمدە چىگىچ مەسىلىلەرنىمۇ ئالدىن كۆرەرلىك ۋە ماھىرلىق بىلەن ھەل قىلالايدۇ؛ ئۆگىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان بولىدۇ؛ ئۆز ئىقتىدارى، بىلىمى، ئەخلاق - پەزىلىتىگە تايىنىپ ھاياتنى قىممەتكە ئىگە قىلالايدۇ؛ ئۆزىدىكى كەمچىلىك - نۇقسانلارنى ۋاقتىدا تونۇپ يېتەلەيدۇ ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى دەل ۋاقتىدا ئۆزگەرتەلەيدىغان جاسارەتكە ئىگە بولىدۇ؛ ئۆزىنىڭ ھەربىر ئىش - ھەرىكىتىنى كونترول قىلالايدۇ... شۇنىڭ بىلەن، ئەل ئارىسىدا تېگىشلىك ئىززەت - ئابرويغا ئىگە بولىدۇ. ئىشچانلىقى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن ئەجىر - مېھنەت بېغىدا سەر خىل گۈللەرنى ئېچىلدۇرالايدۇ.

مەنىۋى ساپاسى تۆۋەن كىشىلەر شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشى ۋە ماھىيىتىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، سىرتقى شەكلىگە قاراپلا يۈزەكى باھا بېرىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان بولىدۇ. توغرا قىممەت قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، گۈزەللىك قارىشى تىكلەپ، ھاياتنى ئىزدىنىش، ئۆگىنىش، تەپەككۇر قىلىش ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋە ئۆزىنىڭ كەم ئەكەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەلىگەن ھەم شۇ يولدا تەر ئاقتۇرۇپ ياشاۋاتقانلارنى «ئەخمەق» دەپ قارايدۇ.

«گۈل ئۈچۈن ھىد قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە بولسا، ئىنسان ئۈچۈن خاراكتېر شۇنچە قىممەتكە ئىگە.» ئەخلاق - پەزىلەت ئىنساننىڭ مەنىۋىيىتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك ئەڭگۈشتەردۇر. ئىنساننىڭ خاراكتېر - خۇسۇسىيىتىنىڭ، ئەخلاق - پەزىلىتىنىڭ قانداق بولۇشى ئۇ ياشاۋاتقان مۇھىتتا قانداق ئادەم دەپ قارىلىشى، قانچىلىك ئىززەت - ئابرويغا سازاۋەر بولۇشىنى بەلگىلەپ بېرەلەيدۇ. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەگەر بىر ئادەمنىڭ مەنىۋى ساپاسى تۆۋەن، خاراكتېرى قۇرغاق بولسا، ئەخلاق - پەزىلىتى نۇقساندىن خالىي بولمىسا، ھەرقانچە بىلىملىك بولغان تەقدىردىمۇ، رەڭگارەڭ گۈللەر ئارىسىدىكى خۇش پۇراق تارقىتالايدىغان ئېسىل گۈلگە ئەمەس، بەلكى لوڭقىغا ئېلىپ قويۇلغان سۇنئىي گۈلگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئامېرىكا يازغۇچىسى ئېمېرسون: «ئەخلاق - پەزىلەت ياشلىق باھارغا نۇر، قورۇق ۋە ئاق چاچلارغا سالاپەت قوشالايدۇ» دېگەن. شۇنداق، بىز قانچە پەزىلەتلىك بولساق، مەنىۋىيىتىمىز

ياتنىڭ ئۆتەڭلىرىدە، بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا، ئەگرى - توقايلىقلىرىدا، غەلىبە - مەغلۇبىيەتلىرىدە ئېگىلمەس - سۇنماس ئىرادىگە ئىگە بولىمىز، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيەلەيدىغان يېڭىلمەس روھىمىز ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، كۆڭۈل كۆزىمىز تېخىمۇ روشەنلىشىپ، جىسمىمىزدا مەنىۋى كۈچ جۇش ئۇرىدۇ. ئۆزىمىز قېرىساقمۇ، ئىجاد - مېھنەت ئىشقى بىزنى قېرىتمايدۇ.

دوستۇم، ماددىي ساپايىڭىزنى بېيىتىشنى ئويلاشتىن بۇرۇن مەنىۋى ساپايىڭىزنى بېيىتىش، يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىزدىنىڭ. مەنىۋىيىتىڭىز قاغجىراپ، ھايات بېغىڭىزدا قىپقىزىل گۈللەرنى بەرق ئۇرۇپ ئېچىلدۇرۇشنىڭ ئورنىغا يانتاق - تىكەنلەرنى ئۆستۈرۈشتىن ھەزەر ئەيلەڭ! ماددىي بايلىقىڭىزنى مەنىۋىيىتىڭىز ئالدىدا قۇل قىلىسىڭىز مەيلىكى، ماددىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى خار قىلماڭ ۋە بۇنىڭلىق بىلەن ھايات ئېتىزلىرىڭىزنى بوران - چاپقۇنلۇق ۋە مۇدھىش قاراڭغۇلۇق قاپلىغان، قاغجىراپ قالغان بىپايان چۆللۈككە ئايلاندۇرۇپ قويماڭ. مەنىۋىيىتىڭىزنى بېيىتىش ئارقىلىق باشقىلار ھەۋەس قىلىدىغان گۆھەرگە ئايلىنىڭ، روھىيىتىڭىز ئۇلۇغلۇق ۋە بۈيۈكلۈكنىڭ ئالتۇن تەختىگە ئايلانسۇن!

دوستۇم، مەنىۋى ساپايىڭىزنى قانچىكى تاكامۇللاشتۇرسىڭىز، ھاياتىڭىزنى شۇنچە مەنىسى بىلەن بەختكە ئېرىشتۈرگەن بولىسىز. چۈنكى، مەنىۋى ساپا — ھاياتقا ۋاپا.

ئاپتورى ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە

(سۈرەتنى مۇھەممەتجان ئەھمەد تەھور تارتقان)



www.uyghurkitap.com


ئۈنكۈر نىجات فوتوسى

# قومۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىز - يىگىت تويلىرىدىكى «ئىشىك بېسىش» ئادىتى



يۇنۇس سادىق

يېقىندا تۇغقىنىمىزنىڭ ئوغلىنىڭ توي مۇراسىمىغا داخىل بولدۇم. توي مۇراسىمىنىڭ تەرتىپ - قائىدىسى بويىچە، بىر توپ مېھمان يىگىت تەرەپنىڭ مېھمىنى سۈپىتىدە نىكاھ مۇراسىمىغا قاتنىشىش ۋە قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن قومۇل شەھىرىدىن 70 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى غەربىي تاغ يېزىسىنىڭ قۇرلۇق كەنتىگە باردۇق.

قىز تەرەپنىڭ هويلىسىغا كىرگىنىمىزدە، هويلىدا ئون نەچچە ئەر كىشى بىزنى ئەدەپ بىلەن قىزغىن قارشى ئالدى. قومۇل شەھىرى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردا بولىدىغان ئادەتتىكى قائىدە بويىچە بولغاندا، ساھىبخانا دەرھال مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىشى ھەمدە بىزنى ئۆيگە باشلاپ، ئالدىمىزغا داستىخان سېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۇلار قولىمىزغا سۇ بەرمەيلا قالماستىن، بىزنى تېخى ئۆيگىمۇ باشلىمىدى. بۇ چاغدا بەش - ئالتە نەپەر قىز - جۇۋاننىڭ ئۈچ - تۆت مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر پارچە ھاۋارەڭ تاۋار رەختنى تۇتقىنىچە ئىشىكنى توسۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدۇق. بىز: «بۇ نېمە ئىشتۇر ئەمدى؟» دېيىشىپ تۇرغان پەيتتە، بىر جۇۋان ئالدىمىزغا كۈلۈمسىرەپ كەلدى:

www.uyghurkitap.com



— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دەپ بىزدىن ئەھۋال سورىدى ئۇ ۋە ئاندىن گېپىنى ئوچۇقلا ئېيتتى، — بىز بۈگۈن بۇ يەرگە مېيىت ئۇزىتىش ئۈچۈن جەم بولغىنىمىز يوق، بەلكى قىز - يىگىت توينى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز. شۇڭا، يىگىت تەرەپ مېھمانلىرى قىز تەرەپكە كەلگەندە شاد - خۇراملىقنى ئىپادىلەپ نەغمە - ناۋا قىلىشى كېرەك!

شۇنىڭ بىلەن يىگىت تەرەپتىن بىللە كەلگەن بىرنەچچە ياش دەرھال چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئەكېلىپ، 20 مىنۇت ئەتراپىدا نەغمە - ناۋا قىلىش، بىرنەچچە قىز - يىگىت ئۇسسۇل ئويناش بىلەن توي مۇراسىمىنىڭ باشلانغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدىغان تەرتىپنى بەجا كەلتۈردۇق. شۇنىڭدىن كېيىن قوللىرىمىزغا سۇ بېرىلىپ ئۆيگە تەكلىپ قىلىندۇق ۋە نىكاھ ئوقۇلۇپ، داستىخان سېلىنىپ چايلار تارتىلدى... چايدىن كېيىن مەن ھېلىقى ئىشىك توسۇشنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، بىر تونۇشۇمنىڭ باشلىشى بىلەن مۇشۇ مەھەللىدىكى يېشى 90غا يېقىنلاشقان يۇرت ئاقساقلى بىلەن كۆرۈشۈپ سۆھبەتلەشتىم.

ئاقساقالنىڭ ئىسمى ياقۇپ بەكرى بولۇپ، مۇشۇ يۇرتنىڭ مەسچىتىدە كۆپ يىل ئىمام بولغان، كۆپنى كۆرگەن ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى ئىكەن. ئۇ مېنىڭ مەقسىتىمنى بىلگەندىن كېيىن، بۇ ھەقتىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ سۆزلەپ بەردى:

— قومۇلدا ئۇيغۇرلارنىڭ توي - تۆكۈنلىرى ناھايىتى داغدۇغىلىق، قىزغىن، مەنىلىك ھەم ئۆزگىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ. توي مۇراسىملىرىدىكى ھەربىر ھەرىكەت، ئادەتلىرىمىزنىڭ چوڭقۇر تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار بولۇپ، كۆپ مەنبەلىك، كۆپ مەزمۇنلۇق مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. يۇرتىمىزنىڭ قىز - يىگىت تويلىرىدىكى «ئىشىك توسۇش» ئادىتىمىزنى يەرلىك كىشىلەر «ئىشىك توسۇش» دېمەستىن، «ئىشىك بېسىش» دەپ ئاتىشىدۇ. «ئىشىك بېسىش» دېگەن ئاتالغۇ ئەسلىدە «ئىشىك بۆسۈش» دېگەن سۆزدىن كېلىپچىققان. بىزنىڭ بۇ خىل «ئىشىك بېسىش» ئادىتىمىزنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزاق بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچىلىق، ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ تەسىرىدە ئائىلە جەمئىيەتچىلىكىدىكى ئىناقلىق، قولۇم - قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، بىر قوۋم ئەزالىرىنى ئىززەتلەش، ھۆرمەتلەش، ئۆزلىرىدىن يۇقىرى بىلىش نۇقتىسىدىن كېلىپچىققان، دېيىشكە بولىدۇ. ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان توي - تۆكۈنلەردىكى بۇ ئۆرپ - ئادەتلەرنى تارىخىي مەدەنىيەت سۈپىتىدە ئېنىق يېزىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا يادنامە قىلىشىمىز ھەمدە ئۇلارغا بىلدۈرۈپ قويۇشىمىز لازىم. تارىخ ھامان تارىخ، ئۇ مەيلى يازما شەكىلدە بولسۇن ياكى ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىش شەكلى بىلەن بولسۇن، ھامان جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالىدۇ. قومۇلنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا ھېلىھەم ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇزاق يىللىق تارىخقا ئىگە قىز - يىگىت تويى مۇراسىملىرىنىڭ قىز كۆچۈرگۈلۈكلىرىدىكى بىر يۈرۈش قېلىپلاشقان «قىزنىڭ ئالدىنى توسۇش»، «ئىشىك بېسىش»، «يۈز ئاچقۇلۇق»، «يىگىت چاچ چۈشۈرگۈلۈكى» قاتارلىق ئۆزگىچە توي مۇراسىم ئادەتلىرى شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى توي مۇراسىم ئادەتلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە قىز - يىگىت تويلىرىدىكى «ئىشىك بېسىش» ئادىتى قومۇلنىڭ تۈزلەڭ رايونلىرىدا ئاساسەن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 — 70 - يىللىرىغىچە داۋاملاشقان بولسىمۇ، كېيىنچە «كونىلىق» دەپ قارىلىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاستا - ئاستا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. لېكىن، تويى بولغان قىزنى كۆچۈرگەندە «ئالدىنى توسۇش»، «قىز يۈز ئاچقۇلۇقى»، «يىگىت چاچ چۈشۈرگۈلۈكى» قاتارلىق ئۆرپ - ئادەتلەر قومۇل شەھەر ئىچىنى ئاساس قىلغان ھالدا بەش شەھەر - بازار، 12 تاغلىق رايوننىڭ ھەممىلا جايلىرىدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئىشىك بېسىش» ئادىتى پەقەت قومۇلنىڭ غەربىي تاغ، تەڭرىتاغ، خوتۇنتام، شوپۇل قاتارلىق تاغلىق رايونلىرىدىلا ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئىلگىرىكى زامانلاردا قىز كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن كۆچۈرۈلگەنلىكتىن، «ئىشىك بېسىش» ئادىتى قاراڭغۇلۇقتا ئېلىپ بېرىلغاچقا، كۆپ ھاللاردا ئۇقۇشماسلىق يۈز بېرىپ، نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەر كېلىپچىقاتتى. دادامنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، 1930 - يىلى قالغايتى بىلەن قۇرلۇق ئارىسىدا قىز - يىگىت تويى بولغانىكەن. قىز قۇرلۇقتىن، يىگىت قالغايتىدىن ئىكەن. كەچتە قىز تەرەپنىڭ تەمبەل يىگىتلىرى ئىشىكنى مەھكەم تاقاپ، يىگىت تەرەپنىڭ مېھمانلىرىنى ئىشىكتىن كىرگۈزمەپتۇ. ئامالسىز قالغان مېھمانلار قالغايتىدىن كۈچتۈڭگۈر يىگىتلەرنى

باشلاپ كېلىپ، ئاندىن ئىشىكنى بۆسۈپ كىرىپ قىزنى ئېلىپ ماڭغان ھەمدە ئارىلىق يىراق بولغاچقا، قىزنى تاڭ ئاتقاندا ئاندىن مەھەللىگە يەتكۈزۈپ كەلگەنىكەن..

بوۋاينىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، «ئىشىك بېسىش» ئادىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ئاز غەلىتە تۇس ئالغان ئىشلار كېيىنكى زامانلاردىمۇ بىزنىڭ يۇرت ۋە باشقا يۇرتلاردا كۆرۈلۈپ تۇرغان. مۇنداق ئىشلار مەلۇم زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر قىسىم ناچار تەركىبلەرنى ئۆزگەرتكەن ھەمدە يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلغان. بولۇپمۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، توي - تۆكۈن مۇراسىملىرىمىزدىكى بەزى مۇرەككەپ ئادەتلىرىمىز ئاددىيلىشىپ، قومۇلنىڭ تۈزلەڭ رايونلىرىدا قىز كۆچۈرۈش ئادەتلىرى كەچتە كۆچۈرۈشتىن چۈشتىن كېيىن كۆچۈرۈشكە ئۆزگەرتىلگەن. بۇنىڭغا ئەگىشىپ تاغلىق رايونلاردىكى قىز كۆچۈرۈش ئادىتى بىرلىككە كېلىپ، چۈشتىن كېيىن كۆچۈرۈشكە، «ئىشىك بېسىش» ئادىتى ئەتىگەندە يىگىت تەرەپنىڭ مېھمانلىرى قىز تەرەپكە كەلگەن ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىشقا ئۆزگەرتىلىپ، بۇرۇنقى ئىشىكنى تۇسۇۋېلىپ كۈچ كۆرسىتىشتەك بولمىغۇر ئادەتنىڭ ئورنىغا ھازىرقىدەك چىرايلىق تاۋار - دۇردۇن رەختلەرنى چەك قىلىپ تۇتۇپ، «ئىشىك بېسىش»تەك ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىلمىي ئادەت بارا - بارا ئومۇملاشقان.

قومۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىز توي مۇراسىملىرىدىكى «ئىشىك بېسىش» ئادىتىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرىنى يەنىمۇ تەتقىق قىلىش مەقسىتىدە، مەن قومۇل شەھىرىنىڭ بوغاز يېزىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە شۇ جايدا بىر ئۆمۈر ياشاپ كېلىۋاتقان 97 ياشلىق پېشقەدەم خەلق سەنئەتكارى ئايۇپ نەزەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن بەزىبىر ئەھۋاللارنى ئىگىلىدىم.

— قومۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىز - يىگىت توي مۇراسىملىرىدا كەڭ ئومۇملاشقان بىر يۈرۈش ئۆزگىچە مۇراسىم ئادەتلىرى بار بولۇپ، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا يوق دېيەرلىك، — دېدى ئايۇپ نەزەر ئاكا ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ، — مۇنداق ئۆزگىچە ئۆرپ - ئادەتنىڭ شەكىللىنىشىنى ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتى، ئوخشاشمىغان دىنىي ئېتىقادى، ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى بەلگىلىگەن. قەدىمكى زامانلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم يەرلىك ئۆرپ - ئادەتلىرى ئىسلام دىنى شەرىئەتلىرىنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، قىز - يىگىت تويلىرى ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولماي، ئاتا - ئانىلارنىڭ خاھىشى بويىچە بولغانلىقى، يەنە كېلىپ قىزلار كىچىك چېغىدىلا ياتلىق قىلىنغانلىقى ۋە قىزنىڭ قېرىنداشلىرى، دوست - يارەنلىرىنىڭ رازىلىقى بولمىغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قىزدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان قىز - جۇۋانلار قىزغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۆز نارازىلىقىنى يىگىت تەرەپكە يوشۇرۇن ھالدا بىلدۈرۈشتىن كېلىپ چىققان مۇشۇ خىل قائىدە - يوسۇن كۆپ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن...

دېمەك، ئەينى يىللاردا قومۇلنىڭ ھەممە جايلىرىدىكى قىز - يىگىت تويلىرىدا «ئىشىك بېسىش» ئادىتى مەۋجۇت بولغان. مەسىلەن، ئىگىلىشىمچە، 1920 - يىللى قومۇل شەھىرىنىڭ بوغاز يېزىسىدىكى سالى تۇغان بىلەن مارىخاننىڭ تويىدا ۋە 1930 - يىلى راھەتباغ يېزىسىنىڭ قاراتال كەنتىدىكى ياقۇپ گالى بىلەن كىچىك ئايالنىڭ تويىدا قىز كۆچۈرۈلگەندە «ئىشىك بېسىش» تەرتىپلىرى نورمال ئۆرپ - ئادەتلەردىن ھالقىپ كېتىپ، ئۆز زامانىسىدىكى ئەل ئارىسىدا بىرقەدەر چوڭ تەسىر قوزغىغان تويلاردىن بولۇپ قالغان. بۇ خىل ئادەتنى قىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش، ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكىنى تەشەببۇس قىلىش، «ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار» دەيدىغان فېئوداللىق قاراشقا قارىتا خەلقىمىزنىڭ ئېلىپ بارغان توختاۋسىز كۈرەشلىرىنىڭ توي مەدەنىيىتى پائالىيەتلىرىدىكى كونكرېت ئىپادىسى، دېيىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن قومۇل دىيارىدىكى قىز تويلىرىدا «ئىشىك بېسىش» ئادىتىنىڭ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملاشقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئومۇمەن «ئىشىك بېسىش» ئادىتىنى قومۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بوستانلىق مەدەنىيىتىگە قەدەم قويغاندىن تارتىپ، مەھەللە مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەندىن كېيىنكى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ياراتقان ماددىي بايلىقى بىلەن مەنىۋى بايلىقىنىڭ ئۇزاق يىللىق مەدەنىيىتىنى مۇجەسسەملىگەن يىغىندىسى، شۇنداقلا دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن قىز - يىگىت توي مۇراسىمى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئاپتورى قومۇل ۋىلايەتلىك مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى
كومىتېتىدىن ئارامغا چىققان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئانامنىڭ خېتى

(نەسر)



رەشىدە مۇھەممەد مېھرىگىياھ

گۈلقۇم / خانىم ـ قىز ئەدىبلەر ئەدەبىيات مۇنبىرى / 16 ـ سان

ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئانامنىڭ ئۇكام ئىككىمىزدىن ئەنسىرىشىنىڭ ھەرگىزمۇ ئورۇنسىز ئەمەسلىكىنى؛ پۇرسەتنى تۇتۇش، جاپادىن قاچماي تىرىشىش، توغرا ـ دۇرۇس ئادەم بولۇش ھەققىدە ئېزىپ ـ ئەچۈرۈپ قايتا ـ قايتا جېكىلىگەن تاپىلاشلىرىنىڭ ئارتۇقچە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى، ئالىي مەكتەپ پەقەت ئىلىم ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىش ئورنى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك ئىجابىي ھەم سەلبىي ئامىللىرى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان كىچىكلىتىلگەن كارتىنىسى ئىكەن. ئەگەر دىققەت قىلىنمىسا، ھەر خىل ئائىلە، ھەر خىل مۇھىتلاردا ئۆسۈپ يېتىلگەن ياشلار يىغىلغان بۇ جايدا سەبىي قەلبلەرگە بەزى ناچار خاھىشلارمۇ ئۇۋا سېلىشقا ئۈلگۈرىدىكەن...

مەنمۇ مەكتەپداشلىرىمنىڭ گەپ ـ سۆز، يۈرۈش ـ تۇرۇشىغا ھەۋەسلىنىپ خېلىلا ئۆزگەردىم. قوشنا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىنىممۇ خېلى دەرىجىدە ئۆزگەرگەن، گەپ ـ سۆزلىرى ۋە تۇرقىدىن «چوڭ ئادەم» بولۇپ كەتكەندەك بىر خىل تەمەننا بىلىنىپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە، ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلاردا چەكلىمىسىز ئەركىنلىككە چىققاندەك، گويا بويۇنتۇرۇقلاردىن قۇتۇلغاندەك بىر تۇيغۇ بار ئىدى. كۆپىنچىمىزدە بىلىم ئېلىشتىن كۆرە، ياخشى يېيىش، ئىچىش، كىيىش، ئويناپ كۆڭلىنى خۇش قىلىش... قىسقىسى، جاپادىن قېچىپ راھەت ئىزدەش خاھىشىمىز ئېغىر ئىدى.

بىز بىرىنچى مەۋسۇملۇق ئوقۇشنى تاماملاپ يۇرتقا بارغىنىمىزدا، ئانام بىزنى ئىللىق باغرىغا بېسىپ كۆز ياشلىرى بىلەن كۈتۈۋالغان، ھەر كۈنى مەزىلىك ئاش ـ تاماقلارنى ئېتىپ بېرىپ ئائىلە مېھرىنى ھېس قىلدۇرغانىدى. بىراق، بىزدىكى ئۆزگىرىشلەرمۇ ئانامنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالماپتۇ: ھەر ئىككىمىزنىڭ كومپيۇتېر ئالدىدىن قوپماي ئولتۇرۇشلىرىمىز، يانفوننىڭ قولىمىزدىن چۈشمەسلىكى، داڭلىق ماركىلىق تاۋارلارغا قىزىقىشىمىز، ئۆي ئىشىغا پەرۋاسىزلىق، كىتاب ئوقۇشقا خۇشياقماسلىقتەك

هالەتلەر ئانامنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىپتۇ، شۇنداق-
تىمۇ بىزگە ئۇدۇل تۇرۇپ گەپ - سۆز قىلماپتۇ...
بۇلارنى مەن ئانامنىڭ بىزگە ئارقا - ئارقىدىن
يوللىغان سالام خەتلىرىدىن ھېس قىلغانىدىم. بۇ
خەتلەر بىزگە ھەقىقەتەن چوڭقۇر تەسىر قىلغان، ئا-
شۇ خەتلەر تۈرتكىسىدە ئىنىم ئىككىمىز ۋاقتىدا
ئەقلىمىزنى تېپىۋالغانىدۇق.

* * *

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ھاياتىمىز نەتىجىلىك
ئاخىرلىشىپ، ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتتى. جەمئى-
يەتتە مۇناسىپ ئورنىمىزنى تاپتۇق. ھازىر ئانامنىڭ
ئاقارغان چاچلىرىدىن، جۇدەڭگۇ چىرايىدىن يىللار-
نىڭ رەھىمسىز ئىزنالىرىنى كۆرۈپ بىئارام بولسام-
مۇ، ئۈمىدكە تولغان، بىزگە چەكسىز مۇھەببەت ۋە
ئىپتىخار بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىدىن بىر خىل
خاتىرجەملىكنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ قالىمەن. ئىنىم
ئىككىمىزگە ھەربىكەتلەندۇرگۇچ كۈچ بولغان، ھايا-
تىمىزدا بۇرۇلۇش نۇقتىسى ياسىغان ئاشۇ خەتلەرنى
قەدىرلەپ ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.
مانا شۇ تاپتا ئانامنىڭ ئەينى يىللىرى ماڭا ئە-
ۋەتكەن بىر پارچە خېتى قولۇمدا تۇرۇپتۇ. بۇ،
ماڭا يېزىلغان تالاي خەتلەر ئىچىدىكى
بىر پارچىسى ئىدى. خەت مۇنداق
باشلانغانىدى:

*ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سۆيۈملۈك*
*قىزىم! ئالتۇن تېنىڭىز ئامان، باسقان يو-*
*لىڭىز راۋان بولسۇن؛ ۋۇجۇدىڭىز ساغلام*
*بولسۇن، قەلبىڭىز گۈزەللىككە تولسۇن.*
*مەن ئاچا - ئىنى ئىككىڭلاردىن*
*پەخىرلىنىمەن. سىلەردىن كۈتىدىغان*
*ئۈمىدلىرىم جىق، سىلەر ئارقىلىق يې-*
*تىدىغان ئارمانلىرىم كۆپ.*
*قىزىم، ئالەمنىڭ بارلىق گۈزەللىكى*
*مۇجەسسەملەنگەن، ساپلىق ۋە پاكلىق*
*بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ گۈ-*
*زەل ئانا تۇپراقتا قا-*
*رىغاي كەبى مەزمۇت ئۆسۈپ يېتىلى-*
*شىڭلارنى ئارزۇلايمەن. ئانا يۇرت باغرى-*
*دىكى ھەر بىر ئۈمىدلىك كۆز سىلەر ئۈ-*
*چۈن ئىلھام - مەدەت بولسا، ئەجىر -*
*مېھنەت، مېھىر - ۋاپا ئىگىلىرى ھۆرمەت*
*قەسىرىڭلاردىن ئورۇن ئالسا ۋە قەلب سا-*
*رىيىڭلارنىڭ ئەزىز مېھمىنى بولسا دەپ تى-*
*لەيمەن! ئۇلارغا ھەرقاچان مۇھەببەت نەزىرى*
*بىلەن بېقىشىڭلارنى، ساداقەت يامغۇرى بىلەن*
*سۇغىرىلغان گۈلدەستىلەرنى سۇنۇشۇڭلارنى خالاي-*
*مەن. چۈنكى، ئۇلار سىلەرگە چىن ئىنسان بولۇش*
*يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ، قەلبىڭلارنى گۈزەل ئىستەك-*
*لەرگە تولدۇرىدۇ، شېرىن مۇھەببەت تېمىپ تۇرغان*
*ئېسىل كۈيلىرىگە جور قىلىدۇ.*
*بۇ گۈزەل ئانا تۇپراق بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە*
*تالاي ئۆچمەس ئىزلارنىڭ شاھىتى بولىدۇ. مەن سى-*
*لەرنىڭ ئىزلىرىڭلارنى باغۇبوستانلاردىن، يېشىل*
*چىمەنلەردىن، يۇمشاق قۇملۇق قىرغاقلاردىن، تورخا-*
*نىلاردىن، رېستورانلاردىن ئەمەس، بەلكى گىگانت*
*چوققىلاردىن، يۇلغۇن قىزارغان داللاردىن، ئېتىز -*
*ئېرىقلاردىن، دەرس مۇنبەرلىرىدىن، ئاددىيلىق ئى-*
*چىدىن گۈزەللىك تاپقان، ئاددىيلىق ئىچىدە يۇقىرى*
*ئۈنۈم ياراتقان ئەجىر - تۆھپە سەھنىلىرىدىن تاپ-*
*سامىكەن، دەيمەن! يۇرتىمىز باغرىدىكى ھەر بىر گى-*
*ياھنى ئاسرىشىڭلارنى، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ-*
*مۇ بۇ يەردە ھەققى بارلىقىنى ئۇنتۇماسلىقىڭلارنى،*
*زېھنىڭلارنى بۈيۈك ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلى-*
*شىڭلارنى ئارزۇ قىلىمەن!*
*سۆيۈملۈك قىزىم، ئاتاڭلار خىزمەت ئۈستىدە*
*يارىلىنىپ مېيىپ بولۇپ قالغاندىن كېيىنكى جاپا -*
*مۇشەققەتلىك يىللارنى قانداق ئۆتكۈزگىنىمنى بۇ*
*يەردە دەپ ئولتۇرمىساممۇ بولار. ئائىلىنىڭ يۈكى*
*زىممەمگە چۈشسىمۇ، زور چىدام - غەيرەت بىلەن*
*ياشاپ كەلگىنىمنى ئوبدان بىلىسىلەر. شۇنداق، مەن*

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئاتاڭلارغا ياخشى قاراشنى، سىلەرگە دائىم كۆز ـ قۇلاق بولۇشنى ئۇنتۇمىدىم. قەلب گۈلزارىڭلارنىڭ پەرۋىشكارى بولدۇم.

«بۇ دېگەن ھەرقانداق ئاتا ـ ئانىنىڭ مەجبۇرىيىتىغۇ؟» دەپ ئويلىشىڭلار مۇمكىن، بالىنى باقسىلا ھېساب ئەمەس ئىكەن. پەرزەنتنى ئىنسانىي تۇيغۇغا، چىن ئېتىقادقا، گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەش ئاسان ئەمەس ئىكەن. ئۇ ئاتا ـ ئانا بولغۇچىدىن قانچىلىك زېھنىي قۇۋۋەت، ۋاقىت، قانچىلىك ئەجىر ـ مېھنەت تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلسەڭلار ئىدى، ئىشلار تېخىمۇ ياخشى بولغان، سىلەرمۇ بىزنى رازى قىلىشنى ئىستىگەن بولاتتىڭلار! دېمەكچى: مەن ئۆز بۇرچۇمنى ھەرقاچان ئۇنتۇمىغاندەك، سىلەرمۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىڭلارنى ئۇنتۇمىساڭلار، چەكسىز خۇرسەن بولاتتىم!

ناۋادا «ئانام مېيىپ دادامغا قارىغانلىقىغا مىننەت قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلىساڭلار، بۇ، مەن ئۈچۈن نومۇستۇر.

مەن تەقدىرىمدىن ئاغرىنمايمەن، ئاتاڭلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇزاق ياشىشىنى، كېسەل ـ مېيىپ بولسىمۇ ئائىلىمىز ئۈچۈن يىقىلماس قارىغايدەك تىك تۇرۇپ بېرىشىنى، سىلەرنىڭ بەختلىك تۇرمۇشۇڭلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشىنى تىلەيمەن. شۇڭلاشقا، سىلەردىن دۇرۇس ئادەم بولۇشنى، چىن ئىنساندەك ياشاشنى تەلەپ قىلىمەن!

بىزنىڭ بۇنى سىلەردىن تەلەپ قىلىش ھوقۇقىمىز بار. بىزمۇ باشقا ئاتا ـ ئانىلارغا ئوخشاشلا يۈرەك قېنىمىزنى سىلەرگە سەرپ قىلدۇق، ئەلۋەتتە ئۆز ئەجرىمىزنىڭ مېۋىلىرىنى كۆرۈشكە ھەقلىقمىز!

قىزىم، سىلەردىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتىمىز. جەمئىيەتتىكى سەلبىي ئامىللارنىڭ قەلبىڭلارغا بۆسۈپ كىرىشىدىن، ئىدىيەڭلەرنى چىرىتىشىدىن، پاكىز قەلبىڭلارغا ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ئۇرۇقلىرىنى چېچىشىدىن ئەنسىرەيمەن.

مەن سىلەرنى ئالىي مەكتەپكە يولغا سېلىپ، زىممەمدىكى بىر ئېغىر ۋەزىپىنى تاماملىغاندەك خۇش بولغانىدىم، بىراق سىلەردىكى بەزى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ بەكمۇ خاۋاتىرلەندىم. ئېسىڭلاردا بولسۇن: ئاتا ـ ئانا ۋە جەمئىيەتنىڭ سىلەردەك ياشلاردىن كۈتىدىغانلىرى جىق. نەچچە يىلنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈپ دىپلوم ئالالىغان ھالەتتىمۇ، ئەمەلىي ئىقتىدار بولمىسا، جەمئىيەتتە يۈك بولۇپ قالىدىغان گەپ... شۇڭلاشقا كېيىنكى ھايات يوللۇڭلارنىڭ داغدام، نەتىجىلىك بولۇشى ئۈچۈن پۇختا ئۇل سالغايسىلەر.

سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىم، بۇ ھاياتتا ئۆزۈڭلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇشۇڭلارنى؛ ئىلىملىك، پاك يۈرەكلىك كىشىلەرگە يېقىن تۇرۇشۇڭلارنى؛ قېرىنداشلارنى قەدىرلەشنى بىلىشىڭلارنى، ھەرقانداق توسالغۇ ئالدىدا ئۆزۈڭلارنى يوقىتىپ قويماي، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشىڭلارنى تىلەيمەن.

سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىم، بىزنى نائۈمىد قويمىغايسىلەر!

مەن بۇ خەتنى ھايات يولۇمغا نۇر چېچىۋاتقان مەڭگۈ ئۆچمەس ماياك بىلىپ، ئەڭ قىممەتلىك ئەڭگۈشتەرىم سۈپىتىدە ھەر ۋاقىت يېنىمدىن ئايرىماي ساقلاۋاتىمەن. مەن بۇ خەتنى ئەۋلادلىرىمىزغا قىممەتلىك بايلىق سۈپىتىدە قالدۇرۇشنى نىيەت قىلدىم.

ئاپتورى غۇلجا شەھىرى ھەرەمباغ
مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا











# كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىگە نەزەر

(1 - سان)

مۇھەررىردىن: ئۇيغۇر يېمەك - ئىچ-
مەك مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تېخى-
مۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇتۇش
ھەمدە شىنجاڭنىڭ ساياھەتچى-
لىك ئىشلىرىنىڭ جانلىنىشىغا
مۇناسىپ تۆھپە قوشۇش مەقسى-
تىدە، ژۇرنىلىمىزنىڭ مەزكۇر
سانىدىن باشلاپ بۇ يېڭى سەھ-
پىنى ئاچتۇق. بۇ سەھپە سىزگە
ھەر قايسى يۇرتلاردىكى ئۆزگە-
چە، ئالاھىدە يېمەك - ئىچمەك-
لەر ۋە تاماقخانا - ئارامگاھلار
ھەققىدە ئۇچۇر بېرىپ، سىزنىڭ
سەيلە - ساياھەت بىلەن شادلان-
غان ھاياتىڭىزغا يېڭى مەزمۇن
قوشقۇسى...







## يەكەندىكى «نۇر بوستان چاي تائاملىرى، ساماۋار شورپىخانىسى»

ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ سېھرىي كۈچى يەكەندە؛ ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ بۆشۈكى يەكەندە؛ دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىدىن يەكەن ئالتۇنلۇق — خانلار قەبرىستانلىقى، يەكەن جامىي مەسچىتى ۋە ئۆمرىڭىزدە چوقۇم بىر بېرىشقا تېگىشلىك بولغان ساياھەت ئورنى — «ئالتۇنلۇق تارىخىي مەدەنىيەت باغچىسى» يەكەندە؛ ئەڭ تاتلىق ۋە ئەڭ ئېسىل بادام يەكەندە... ئاشۇ ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان «نۇر بوستان چاي تائاملىرى، ساماۋار شورپىخانىسى» سىزگە ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىدۇ. سىز بۇ يەرگە قەدەم باسقىنىڭىزدا ئۆزگىچە ۋە ئالاھىدە بولغان يەرلىك يېمەك - ئىچمەكلەردىن قانغۇچە ھوزۇرلىنالايسىز.

مەنزىل: يەكەن ناھىيە «ئالتۇن يولى» «ئالتۇنلۇق تارىخىي مەدەنىيەت باغچىسى» ئىچىدە
تاماق زاكاز قىلىش تېلېفونى: 8533555 (0998)، 8533888 (0998)
دىرېكتورى: مەمەتئېلى تۇرسۇن

سۈرەتلەرنى يەكەن ناھىيەلىك رادىيو - كىنو - تېلېۋىزىيە، مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىدىن نۇردۇن ئابدۇسەمەت تارتقان









# نىشانىمىز: «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە ئۈلگىلىك ناھىيە» شەرىپىمىزنى قەدىرلەپ، تىنچ، باياشات ۋە تېخىمۇ گۈزەل غۇلجا ناھىيەسى قۇرۇپ چىقىش

## — غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى كامىلجان يۈسۈپجان بىلەن سۆھبەت

— مۇھەممەدسالىھ مەتروزى —

مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتى شىنجاڭ شۆبە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى

### كامىلجان ھاكىمنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

كامىلجان يۈسۈپجان، ئۇيغۇر، 1973 - يىلى 5 - ئايدا قورغاس ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. شىنجاڭ ماشىنىسازلىق ئېلېكترون سانائىتى مەكتىپىنىڭ ماشىنىسازلىق كەسپىنى پۈتكۈزگەن. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قورغاس ناھىيەلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ كادىرى، قورغاس ناھىيەلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى؛ ئىلى ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىتتىپاق كومىتېتى ياش دېھقانلار - ئىشچىلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى؛ توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى؛ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىتتىپاق كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن شۇجىسى؛ توققۇزتارا ناھىيەلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى؛ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى؛ غۇلجا شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى؛ غۇلجا ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇۋەققەت ھاكىمى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ھازىر غۇلجا ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.






ئاپتورنىڭ بايانى:

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا ھەر قېتىم خىزمەت بىلەن بارغىنىمدا، ئوبلاستقا قاراشلىق ناھىيە (شەھەر)لەردىكى ھەر ساھە ئەربابلىرى بىلەن كەڭ دائىرىلىك ئۇچرىشىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ روھىي ھالىتىدىكى كۆتۈرەڭگۈلۈكتىن، جۇشقۇنلۇقتىن سۆيۈنۈش بىلەن بىللە، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىمەن. ئىلىلىقلارنىڭ سەمىمىي، خۇش مىجەز، چاقچاقخۇمار ۋە مېھماندوستلۇقى، بۇ يۇرتنىڭ ئۆزگىچە گۈزەللىكى، ھەرقايسى مىللەتتىن بولغان ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە ھەر ساھە ئاممىنىڭ ئېجىل-ئىناق، چىقىشقاقلىقى كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ. كامىلجان ھاكىم غۇلجا شەھىرىدە ئىشلەۋاتقان ۋاقىتلاردا مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان ھەم ئۆزىنىڭ ئېسىل پەزىلىتى بىلەن قەلبىم تۆرىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى، ئىنچىكىلىكى، ئاۋامغا سەمىمىي مۇلازىمەتتە بولىدىغانلىقى، تەمكىن ۋە چىقىشقاقلىقى، تۇرمۇشتىكى ئاددىي-ساددىلىقى، پاكىزلىقى مەندە چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇرغانىدى. شۇڭا، ئۇ غۇلجىغا ھەر قېتىم خىزمەت بىلەن كەلسەملا چوقۇم كۆرۈشۈپ، سالام بېرىپ ئۆتىدىغان رەھبەرلەرنىڭ بىرسى ئۇ ئىدى. كامىلجان ھاكىم ھەققىدە پاراڭ بولغاندا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە خىزمەت قىلغان يولداشلارنىڭ ئۇنى «ئاساسىي قاتلام خىزمەت تەجرىبىسى مول، سىياسىي ۋە نەزەرىيە سەۋىيەسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىرى» دەپ تەرىپلىگىنىنى ئاڭلىدىم.

غۇلجا ناھىيەسى (يەرلىكلەر ئادەتتە «جېلىلىيۈزى» دەپمۇ ئاتايدۇ) شىمالىي شىنجاڭ، يەنى ئىلى دەرياۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان، يېزا ئىگىلىكى بىلەن چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرگەن ناھىيە. قارىمىقىدا 13 يېزا، بەش بازار، ئىككى دېھقانچىلىق مەيدانى بار بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 6153 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. غۇلجا ناھىيەسى شىنجاڭ بويىچە نوپۇسى بىرقەدەر كۆپ ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ۋەزىپىسى ئالاھىدە ئېغىر بولغان نۇقتىلىق ناھىيەلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 450 مىڭ (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا نوپۇسى 340 مىڭ)، شىنجاڭدىكى 68 ناھىيە ئىچىدە نوپۇس جەھەتتە 5-ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ناھىيەدە 33 مىللەت بار بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 82% نى ئىگىلەيدۇ. غۇلجا ناھىيەسى يېزا ئىگىلىكى بويىچە شىنجاڭنىڭ چوڭ ناھىيەسى بولۇپ، 1 مىليون 260 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرگە ئىگە. ھەر يىلى 1 مىليون مو بۇغداي ۋە قوناق تېرىلىدۇ، شىنجاڭدىكى مەملىكەت دەرىجىلىك ئۈچ چوڭ تاۋار ئاشلىق بازىسى ناھىيەسىنىڭ بىرى.

بۇ يىلىنىڭ بېشىدا مەن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا ژۇرنىلىمىزنىڭ بىر قاتار خىزمەتلىرى بىلەن مەخسۇس بېرىپ، ئوبلاستنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىگە ئوبلاست تەۋەسىدىكى خىزمەتلىرىمىزدىن دوكلات قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن ۋە سەمىمىي قوللىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە ۋە شەھەرلەرگە باردىم. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە ئۈلگىلىك ناھىيە» بولۇپ تەقدىرلەنگەن غۇلجا نا-

ھېيەسىدە كامىلجان ھاكىم قاتارلىق ناھىيە رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ ناھىيەنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي خىزمەتلىرىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ھەققىدە مەخسۇس پاراڭلاشتۇق. شۇ قېتىمقى پاراڭدىن كېيىن بۇ سۆھبەت خاتىرىسىنى تەييارلاپ، ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا سۇندۇم.

مۇھەممەدسالىھ مەتروزى: كامىلجان ھاكىم، ژۇرنىلىمىز ئوقۇرمەنلىرىگە 2015 - يىلى غۇلجا ناھىيەسىدە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش جەھەتتە قانداق خىزمەتلەر ئىشلىگەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇر بەرسىڭىز.

كامىلجان ھاكىم: مەن ئەڭ ئاۋۋال «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ناھىيەمىزگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ، ناھىيەمىزنى تەشۋىق قىلىش ۋە خىزمەتلىرىمىزدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىزنى جەمئىيەتكە بىلدۈرۈش جەھەتتە سىڭدۈرۈۋاتقان خالىسانە ئەجرىگە سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن! بۇ بىرنەچچە يىلدا بىز مەركەز، ئاپتونوم رايون ۋە ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە تېخىمۇ ياخشىلاشنى ئىزچىل تۈردە بارلىق خىزمەتلىرىمىزنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئەمەلىيلىشىش نۇقتىسى قىلدۇق. يۇقىرىنىڭ تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، تىرىشىپ تۈر ۋە مەبلەغنى قولغا كەلتۈرۈش، خىزمەت ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىش، خەلق تۇرمۇشى ساھەسىنىڭ قۇرۇلۇش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىش ئارقىلىق، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدۇق.

2015 - يىلى ناھىيەمىزنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 7 مىليارد 846 مىليون يۈەنگە، مالىيە خامچوت كىرىمى 450 مىليون يۈەنگە يەتتى. مۇقىم مۈلۈككە 37 مىليارد 242 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 20 مىڭ 828 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 11 مىڭ 876 يۈەنگە يېتىپ، 3 - كەسىپ قۇرۇلمىسى 2010 - يىلىدىكى 40:35:25تىن بۇلتۇرقى 39:28:33كە تەڭشەلدى. كۆمۈر ئېلېكتىر، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى، قېزىلما بايلىقلارنى پىشىقلاش، يېڭىچە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاشتىن ئىبارەت بەش چوڭ سانائەت سىستېمىسىنى ئاساس قىلغان «بىر باغچە، ئۈچ رايون» سانائەت تەرەققىياتى ئەندىزىسى ۋە زامانىۋى چارۋىچىلىق، ئۆزگىچە باغ - ئورمانچىلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تېرىقچىلىق، ئەمگەك - مۇلازىمەت ئىقتىسادىنى ئاساس قىلغان تۆت چوڭ يېزا ئىگىلىك غوللۇق كەسپىنى شەكىللەندۈردى. «12 - بەش يىل» مەزگىلىدە ئۇدا تۆت يىل يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش، دېھقانلارغا نەپ يەتكۈزۈش، دېھقانلارنى بېيىتىش توغرىسىدا «1 - نومۇرلۇق ھۆججەت» چىقىرىلىپ، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش بويىچە جەمئىي 280 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 4 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېقىن يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى تارقىتىلدى. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 2010 - يىلىدىكى 615 مىڭ توننىدىن بۇلتۇرقى 770 مىڭ توننىغا يېتىپ، «ئۇدا بەش يىل ئېشىش»نى ئەمەلگە ئاشۇردى. دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش بويىچە باشلامچى كارخانىدىن 30ى شەكىللىنىپ، ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن باقمىچىلىق رايونىدىن 37سى قۇرۇلۇپ، قوتاندا ساقلانغان چارۋا سانى 2010 - يىلىدىكى 800 مىڭ تۇياقتىن بۇلتۇرقى 980 مىڭ تۇياققا يەتتى. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى 2010 - يىلىدىكى 6588 يۈەندىن بۇلتۇرقى 11 مىڭ 876 يۈەنگە كۆپەيدى. ھازىر ناھىيەمىز ئەڭ ياخشى تەرەققىيات پۇرسىتى ۋە ھالقىلىق مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ.

ئىشلەنگەن خىزمەتلەرنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتسەم:

بىرىنچىدىن، ئاممىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەسىلىسى ھەل قىلىندى. بۇلتۇر «ئەمىن تاپتۇرۇپ خەلقنى بېيىتىش ۋە چارۋىچىلارنى ماكانلاشتۇرۇپ چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش قۇرۇلۇشى»دىن 6466 ئائىلە مەنپەئەتلەندى. 2010 - يىلىدىن بۇلتۇرغىچە جەمئىي 5 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 20 يېزا - بازار (مەيدان)دىكى 43 مىڭ ئائىلىنىڭ «ئەمىن ئۆي بويىچە خەلقنى بېيىتىش» ۋە «چارۋىچىلارنى ماكانلاشتۇرۇپ چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش» قۇرۇلۇشى تاماملاندى، بۇ يىل يەنە 4000 ئائىلىگە ئۆي سېلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، شەھەر - بازارلاردىكى قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بۇلتۇر يەنە كاپالەتلەندۈرۈش خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ئۆيدىن 1886 يۈرۈش

سېلىنىپ، يىل ئاخىرىغىچە كاپالەتلەندۈرۈش خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ئۆيى 4810 يۈرۈشكە يەتكۈزۈلدى. بۇ يىل يەنە 1513 يۈرۈش كاپالەتلەندۈرۈش خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ئۆي سېلىپ، شەھەر - بازار ئاھالىسىنىڭ، بولۇپمۇ قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىمىز.

**ئىككىنچىدىن، يول - قاتناش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.** ناھىيەمىزدىكى يېزا تاشيولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3400 كىلومېتىر بولۇپ، بۇلتۇر 220 كىلومېتىر يېزا تاشيولى ياسىلىپ، 47 كىلومېتىر مۇھىم يېزا تاشيول ئۆل قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى. نۆۋەتتە 700 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1220 كىلومېتىر يېزا تاشيولى ياسىلىپ، ناھىيەمىزنىڭ ئاسفالتلاشتۇرۇلغان يول ئومۇمىي مۇساپىسى 1870 كىلومېتىرغا يەتكۈزۈلدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆلكە يولى 314 - لىنىيەسى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ ياسىلىپ، «بايلىق يولى»، «غۇلجا - دۆڭمازار يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى» قاتارلىق قۇرۇلۇشلار كەينى - كەينىدىن پۈتۈپ، ناھىيەمىزنىڭ يول - قاتناش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. يەنە 1500 كىلومېتىر يولنى «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە پۈتكۈزۈشنى پىلانلىدۇق.

**ئۈچىنچىدىن، ئاممىنىڭ سۇ ئىشلىتىش تەس بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.** بۇلتۇر بىز 14 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 451 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تۇرۇبا تورى قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىپ ۋە ياساپ، 20 مىڭ دېھقان - چارۋىچىنىڭ بىخەتەر ئىچىملىك سۇ ئىچىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدۇق ۋە ياخشىلىدۇق. ھازىرغا قەدەر 120 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يېزا بىخەتەر ئىچىملىك سۇ قۇرۇلۇشىدىن 14نى تاماملاپ، يېڭىدىن 36 مىڭ ئائىلىگە تۇرۇبا سۈيى يەتكۈزۈپ، 1226 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كونا تۇرۇبا تورىنى ئۆزگەرتىپ، 310 مىڭ ئادەمنىڭ بىخەتەر ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى ياخشىلىدۇق. بۇنىڭ بىلەن تۇرۇبا سۈيى ناھىيەمىزنىڭ يېزا - كەنتلىرىدىكى ھەممە ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىدىغان سۈيىنى ھەل قىلدۇق. بۇلتۇر 213 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىقى تاماملىنىپ، يېڭىدىن كۆپەيگەن يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ سۇغىرىش كۆلىمى 20 مىڭ موغا يەتكۈزۈلدى. نۆۋەتتە جەمئىي 1052 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىقى قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، يېڭىدىن كۆپەيگەن يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ





تېجەپ سۇغىرىش كۆلىمى 123 مىڭ موغا يەتكۈزۈلۈپ، ئاممىنىڭ سۇغىرىش تەس بولۇش، سۇ بايلىقى ئىسراپ بولۇش مەسىلىسى زور دەرىجىدە يېنىكلىتىلدى.

**تۆتىنچىدىن، ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.** ناھىيەمىز مالىيەدىن مەبلەغ چىقىرىپ تەربىيەلەش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېھقان - چارۋىچىلارنى نەپكە ئېرىشتۈرۈش پىكىر يولى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، 2010 - يىلىدىن باشلاپ ناھىيە مالىيەسىدىن ھەر يىلى 15 مىليون يۈەندىن مەبلەغ ئاجرىتىلىپ، يېزا ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى تەربىيەلەش قانات يايدۇرۇلدى. بۇلتۇر 3500 نەپەر يېزا ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى تەربىيەلەندى. ھازىرغا قەدەر بۇ خىزمەت ئالتە يىل داۋاملىشىپ، جەمئىي 32 مىڭ نەپەر ئەمگەك كۈچى تەربىيەلىنىپ، كۇرسانتلارنىڭ گۇۋاھنامە ئېلىش نىسبىتى 80%تىن ئېشىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىسبىتى 70%كە يەتكۈزۈلدى. يۆتكەلگەن جۇغلانما ئەمگەك كۈچى 425 مىڭ


ئادەم ـ قېتىمغا، يىللىق ئوتتۇرىچە يۆتكەلگەن ئەمگەك كۈچى 85 مىڭ نەپەرگە يەتكۈزۈلۈپ، 21 مىڭ ئىش ئورنى تەسىس قىلىنىپ، 32 مىڭ شەھەر ـ بازار ئاھالىسى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بەشىنچىدىن، ئاممىنىڭ داۋالىنىش تەس بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. بۇلتۇر بىز ناھىيە دەرىجىلىك ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى دوختۇرخانىلارنى ئىسلاھ قىلىشنى يولغا قويۇپ، سىياسەت دائىرىسىدىكى بالنىستتا يېتىش تولۇقلىما نىسبىتىنى 75%كە يەتكۈزدۇق؛ يېزا دەرىجىلىك بەش شىپاخانىنىڭ يۇرۇشلۇك ئەسلىھە تۈرى ۋە ئون كەنت داۋالاش ئۆيى قۇرۇلۇش تۈرىنى تاماملىدۇق. ھازىرغا قەدەر بىز ئۆلچەملەشكەن خەلق دوختۇرخانىسىدىن بىرنى، قېلىپلاشقان «ۋاكسىنا سېلىش ۋە بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش» ئامبۇلاتورىيەسىدىن 20نى، يېزا ـ بازار شىپاخانىسىدىن 18نى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ ياساش ۋە كەنت داۋالاش ئۆيىدىن 50نى يېڭىدىن ياساش تۈرىنى تاماملىدۇق. ناھىيەمىزدىكى 30% يېزا ـ بازار شىپاخانىسى ۋە كەنت داۋالاش ئۆيىنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەملەشتۈرۈش تەلپىگە يەتكۈزدۇق. ئۇنىڭدىن سىرت، دۆلەتنىڭ ئاساسىي دورا تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى، دورا سېتىشتا «پەرقسىز» بولۇشنى يولغا قويۇپ، يېڭىچە يېزا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش «ھەممىباب كارتا»نىڭ ئىشلىتىلىشى، ناھىيە، يېزا، كەنت بىرتۇتاش پىلانلىنىپ بىر گەۋدە قىلىنغان ئاممۋى سەھىيە مۇلازىمەت تۈزۈلمىسىنى ئۇمۇمىيۈزلۈك شەكىللەندۈرۈپ، ئاممىنىڭ داۋالىنىش تەس بولۇش، داۋالىنىش قىممەت بولۇش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك يېنىكلەتتۇق. بۇلتۇر پەقەت دورا سېتىشتا «پەرقسىز» بولۇش تۈرىدىلا كېسەللەرگە جەمئىي 5 مىليون 300 مىڭ يۈەن ئېتىبار بەردۇق. ئالتىنچىدىن، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدۇق. بۇلتۇر داۋالىنىش ۋە ئوقۇش ياردىمىنى 924 ئادەم ـ قېتىمغا يەتكۈزۈپ، داۋالىنىش ۋە ئوقۇشقا ياردەم بېرىش مەبلىغىدىن جەمئىي 2 مىليون 980 مىڭ يۈەن تارقاتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت ئائىلىلىرىنىڭ كېسەل كۆرسىتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىز يەنە تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت ئائىلىلىرىنى 20% راسخوتنى تاپشۇرۇپ بالنىستتا يېتىپ داۋالىنىشقا بولىدىغان داۋالىنىش كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدۇق. يەنە بىر تەرەپتىن، ھېيت ـ بايراملار مەزگىلىدە ناھىيە مالىيەسىدىن 16 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، 30 مىڭدىن ئارتۇق كىشىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ھال سورىدۇق. ھازىرغا قەدەر بۇ خىل تۈزۈمنى بەش يىل يولغا قويۇپ، جەمئىي 90 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، تېخىمۇ كۆپ ئادەمنى ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسىدىن بەھرىمەن قىلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇردۇق. دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىتىش ئۈچۈن، ئۇدا بەش يىل ھەر يىلى 70 مىليون يۈەن ئەتراپىدا مەبلەغ چىقىرىپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى قوللىدۇق. ئوقۇتۇش شارائىتىنى زور كۈچ بىلەن ياخشىلاپ، ئۇدا بەش يىل مائارىپقا نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىپ ۋە يولغا قويۇپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بولغان ئوقۇش پۇلىنى بىكار قىلىشنى يولغا قويدۇق. مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە پائالىيىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدۇق. ناھىيەمىزنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ھالىتىدىن قارىغاندا، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش، خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىدا تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىشكە ئىقتىدارىمىز ۋە ئىشەنچىمىز بار.

مۇھەممەدسالىھ مەتروزى: يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، غۇلجا ناھىيەسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەر خىزمىتى، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش خىزمەتلىرىدە قانداق تەجرىبىلەرگە ئېرىشتى؟ بۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرسىڭىز.

كامىلجان ھاكىم: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى، مىللەتلەر خىزمىتى ۋە دىن ئىشلىرى خىزمىتىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. بۇنى دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە تايىنىپ ۋە ھەمكارلىشىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، كۆپ خىل دىنلارنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىش تارىخى ئالاھىدىلىكى بەلگىلەيدۇ. دۆلىتىمىز ئەزەلدىن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بىرلىكتە دۆلىتىمىزنىڭ پارلاق تارىخىي مەدەنىيىتىنى ياراتقان. مېنىڭچە، بۇ ئۈچ تۈرلۈك خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ يېتىش كېرەك. «مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىدىكى ئۈلگىلىك ناھىيە» بەرپا قىلىش خىزمىتى باشلانغاندىن بۇيان، بىز بۇ خىزمەتنى

www.uyghurkitap.com





ئۇنۇم باھالاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ناھىيەلىك
پارتكوم بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلغان، ھەرقايسى گۇ-
رۇپپىلار ئىش تەقسىم قىلىپ ياردەملەشىدىغان، مۇنا-
سىۋەتلىك ئورۇنلار يېقىندىن ماسلىشىدىغان خىزمەت
ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۇرۇپ، ناھىيەمىزدىكى ھەرقايسى
قاتلامدا «قوش تىل ئۆگىنىش»، «ئىلغارلاردىن ئۆگى-
نىش»، «سىياسەت ئۆگىنىش»، «پائالىيەت قىلىش»تىن
ئىبارەت تۆت يۇقىرى دولقۇننى ئەۋج ئالدۇردۇق؛ مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئۈلگىلىك تىپلارنى بەرپا قى-
لىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، «ئوبلاست دەرىجىلىك
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى بازىسى» ۋە «ناھىيە
دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئۈلگىلىك
نۇقتا» بەرپا قىلىپ، ئىجادچانلىق بىلەن مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىنى، «ئالتىنى دېھقانلار ئائىلىسىگە كىر-
گۈزۈش» (ئىللىقلىقنى، ئۆزئارا ئۆگىنىشنى، مەدەنى-
يەت - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى، ئەنئەنىۋى ئېسىل ئەن-
ئەننى، قانۇن - تۈزۈم، سىياسەتلەرنى، مۇھىتنى گۈ-
زەللەشتۈرۈشنى دېھقانلار ئائىلىسىگە كىرگۈزۈش)،
«ئالتە ئۆزئارا» (ئۆزئارا تاماق يېيىش، ئۆزئارا كىچىك
سوۋغات بېرىش، ئۆزئارا ئىش بېجىرىپ بېرىش، ئۆزئا-
را ماھارەت ئۆگىتىش، ئۆزئارا ئەسكەرتىپ قويۇش،
ئۆزئارا سۆز ئۆگىنىش) قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات
يايدۇردۇق. بۇ بىر قاتار تەدبىرلەر ئارقىلىق ھەر مىللەت
كادىر - ئاممىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاڭ-
لىق قوغداش ئېڭى كۈچىيىپ، ئىتتىپاقلىق كەيپىياتى
تېخىمۇ قويۇقلاشتى. بۇ خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەنگەچ-
كە، ناھىيەمىز دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتې-
تىنىڭ «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق
- تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە ئۈلگىلىك ناھىيە»نى
تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى.

بىز ناھىيەلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ۋە ۋەتەن-
پەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا
ئەھمىيەت بېرىپ، ئىسلام دىنى جەمئىيىتى كادىرلار
قوشۇنىنى تولۇقلاپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ تە-
مىناتى ۋە ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، «ۋەتەنپەرۋەر دى-
نىي زاتلار ئائىلىسى»دىن 20نى بەرپا قىلىپ، «مىللەت -
دىن سىياسەتلىرى ۋە دىنىي ساۋات» قىزىق لىنىيەسى
ئېچىپ، ئاما يولۇققان تۈرلۈك مەسىلىلەرگە ۋاقتىدا
جاۋاب قايتۇردۇق. «بەش ئاچقۇچ»نى ياخشى ئىشلىتىپ،
«تۆتنى بىرتۇتاش باشقۇرۇپ»، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش
خىزمىتىنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈپ، «تېمىتىپ سۇ-
غىرىش» يۈزتۇرانە چوڭ تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرۇپ،
نۇقتىلىق خادىملار ۋە ئالاھىدە توپلارنى «ياردەم بېرىپ
تەربىيەلەپ باشقۇرۇش» خىزمەت ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يا-
رىتىپ، نۇقتىلىق خادىملار ۋە ئالاھىدە توپلارنى تەربى-
يەلەپ ئۆزگەرتىش سىنىپى ئېچىپ، ئۇلارغا ياردەملى-
شىپ ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچىنى قايتى-
دىن تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنى نورمال تۇرمۇشقا قايتۇرۇپ
كەلدۇق. 2015 - يىلى «ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش» تېما
قىلىنغان چوڭ تىپتىكى دراما — «باھاردىكى جۇ-
دۇن»نى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ئەسەبىيلىك-
نى تۈگىتىش» دراما ھەپتىلىكىگە قاتناشتۇردۇق.
«ئۈچ قانۇنسىز» ھەرىكەتكە قاتتىق زەربە بەردۇق. مۇ-
نەۋۋەر ئاساسىي قاتلام تەشۋىقاتچىلىرىنى تاللاپ، ئاپتو-
نوم رايونىنىڭ «بىر نىزام، ئىككى ھۆججەتى»نى تەشۋىق
قىلىشنى دائىملاشتۇرۇپ، مۇنەۋۋەر دىنىي زاتلارنى
تاللاپ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش لېكسىيەسىنى قانات

يايدۇردۇق. بۇ تەدبىرلەر ئارقىلىق ئاممىنىڭ دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ رەزىل قىياپىتىنى تونۇشىغا ياردەم بېرىپ، نورمال دىنىي پائالىيەت بىلەن قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتنى توغرا پەرق ئېتىپ، توغرا ئېتىقادنى كۈچەيتىشنى ئۈنۈملۈك ئەمەلگە ئاشۇردۇق.

يۇقىرىنىڭ قارار، ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئوي - پىكرى، ئارزۇسىنى ئىگىلەپ، ئاممىنىڭ ئىدىيەسى، ئىشلەپچىقىرىش ھەم تۇرمۇشىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردۇق. دۆلەتنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز بولغان مىللەتلەرنى يۆلەش تەرەققىيات سىياستىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، 51 مىليون 800 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز بولغان مىللەتلەرنى يۆلەش تەرەققىيات تۈرىدىن 70نى يولغا قويدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نامراتلارنى يۆلەپ، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش، ھەر بىر پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىر ئىككىدىن ئۈچكىچە نامرات ئائىلىگە ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بەردۇق.

مۇھەممەدسالىھ مەتروزى: غۇلجا ناھىيەسى «13 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە قانداق تەرەققىيات پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى؟ غۇلجا ناھىيەسىنىڭ بۇ پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇشتىكى تەييارلىق ئەھۋالى قانداقراق؟

كامىلجان ھاكىم: غۇلجا ناھىيەمىزنىڭ «13 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى كۆرەش نىشانى بولسا ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوغداپ، ئىقتىسادنىڭ ساغلام تەرەققىيات ھالىتىنى ساقلاش. 2020 - يىلىغا بارغاندا رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتىنى %10.5 ئاشۇرۇپ، 14 مىليارد 270 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈش؛ جامائەت مالىيە خامچوت كىرىمىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتىنى %10 ئاشۇرۇپ، 700 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈش؛ سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈشتىكى جۇغلانما مەبلەغنى 26 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈش؛ پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مۇقىم مۈلۈك مەبلىغىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتىنى %4.5 ئاشۇرۇپ، جۇغلانمىسىنى 40 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈش؛ ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتىنى %11 ئاشۇرۇپ، 2 مىليارد 460 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈش؛ تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتىنى %17 ئاشۇرۇپ، 50 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكۈزۈش؛ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمىنى %8 ئاشۇرۇپ، 17 مىڭ 400 يۈەنگە يەتكۈزۈش؛ شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمنى%11 ئاشۇرۇپ، 35 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇش؛ نوپۇسنىڭ شەھەر - بازارلىشىش نىسبىتىنى %28تىن ئاشۇرۇش. بۇ نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىز چوقۇم باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكتىن ئىبارەت باش نىشاننى زىچ چۆرىدەپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى تايانچ قىلىپ، شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، تۈزۈلمىسىنى تەڭشەپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت، جەمئىيەت، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش ئىلگىرى سۈرىمىز. نىشانىمىزنى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئالتە جەھەتتىكى خىزمەتتە، يەنى ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى دەل جايىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى زور كۈچ بىلەن ياخشىلاش، ئاممىۋى تەربىيەنى كۈچەيتىش، يۇغۇرۇلما قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىقلاردا ئەمەلىيلەشتۈرىمىز. بۇ يىل ناھىيە مالىيەسىدىن 15 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ، بىر تۈركۈمنى كەسپىي جەھەتتىن يۆلەش، بىر تۈركۈمنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، بىر تۈركۈمنى باشقا جايغا يۆتكەش، بىر تۈركۈمنى مائارىپ ئارقىلىق يۆلەش، بىر تۈركۈمنى تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى سىياستىدىن بەھرىلەندۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون ئوتتۇرىغا قويغان مەخسۇس تۈردە نامراتلارنى يۆلەش، كەسىپ بىلەن يۆلەش، جەمئىيەت

يۆلەش ۋە شىنجاڭغا ياردەم بېرىپ يۆلەشتىن ئىبارەت «تۆتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش»نىڭ نامراتلارنى يۆلەش كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بىر ئائىلە، بىر ئادەمنىمۇ قالدۇرماي، بۇ يىلقى نامراتلارنى يۆلەش ۋەزىپىسىنى تاماملاشقا كاپالەتلىك قىلىمىز.

مۇھەممەدسالىھ مەتروزى: غۇلجا ناھىيەسى ھەر يىلى «ئۆرۈك چېچەكلىرى ساياھەت بايرىمى» ئۆتكۈزۈپ، ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتى جەھەتتىمۇ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇ ھەقتە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش بەرسىڭىز.

كاملجان ھاكىم: غۇلجا ناھىيەسىنىڭ «سەددىچىن سېپىلى سىرتىدىكى ئۆرۈك يۇرتى» دېگەن نامى بار بولۇپ، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت بىلەن تارىخىي مەدەنىيەتنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر، تۈرلۈك ساياھەتچىلىك بايلىقىمۇ ناھايىتى مول. بولۇپمۇ ھەر يىلى باھاردا ئۆرۈك چېچەكلىرى ھۇپپىدە ئېچىلىپ، ئىلى دەريا ۋادىسىدا گۈزەل بىر مەنزىرە ھاسىل بولىدۇ. بۇ، ئىلىنىڭ باھار پەسلىدىكى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ساياھەت بايلىقى. شۇڭا، 2010 ـ يىلىدىن باشلاپ بىز «خەلق ئۈچۈن بايرام ئۆتكۈزۈپ خەلقنى بېيىتىش»نى مەقسەت قىلىپ، ئۆرۈك چېچەكلىرى ساياھەت بايرىمىنى ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ باھار پەسلى ساياھەتچىلىكىدىكى تۇنجى بايرام قىلىشتەك نىشاننى ئوتتۇرىغا قويدۇق ھەمدە «ئۆرۈك چېچەكلىرى ساياھەت بايرىمى» ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى بولغان تەشۋىقات سۇپىسىنى يارىتىپ، غۇلجا ناھىيەسىنى تەشۋىق قىلدۇق. بۇلتۇرغىچە ئۇدا ئالتە نۆۋەتلىك «ئۆرۈك چېچەكلىرى ساياھەت بايرىمى»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدۇق. بۇ بىرنەچچە يىلدا «ئۆرۈك چېچەكلىرى ساياھەت بايرىمى»دىكى ساياھەتچىلەر ۋە ساياھەتتىن قىلىنغان كىرىم ھەر يىلى دېگۈدەك 70%تىن ئارتۇق سۈرئەتتە ئېشىپ، بىز ئوتتۇرىغا قويغان «ھۆكۈمەت سەھنە بىلەن تەمىنلەش، پۈتۈن خەلق قاتنىشىش، ئامما نەپكە ئېرىشىش»تەك نىشاننى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردۇق. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «ئۆرۈك چېچەكلىرى ساياھەت بايرىمى» ئىلى ساياھەتچىلىكىنىڭ بىر مۇھىم قىسمىغا ئايلىنىپ، پۈتۈن ئوبلاست ساياھەت پائالىيىتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئېچىپلا قالماي، يەنە ئىلىنىڭ باھار پەسلىدىكى ساياھەتچىلىك بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، پۈتۈن ئوبلاست ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ يېڭى تارىخىي سەھىپىسىنى ئاچتى. كەلگۈسىدە يەنە پۈتۈن ئوبلاست ساياھەتچىلىكىنىڭ ئومۇمىي يۈنىلىشلىك، كۆپ ساھەلىك، چوڭقۇر قاتلاملىق تەرەققىيات ئىشلەپچىقىرىشىدا ئاكتىپ ۋە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.





مۇھەممەدسالىھ مەتروزى: غۇلجا ناھىيەسى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداپ، يېشىللاشتۇرۇلغان، پاكىزلاشتۇرۇلغان ناھىيە قۇرۇپ چىقىشتا قانداق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى؟

كاملجان ھاكىم: ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش مەسىلىسى ئامما ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بىز ئەڭ ئاۋۋال تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە يېڭىلىق يارىتىپ، تېلېۋىزور، تور، ھۆكۈمەت تور بېتى، ئۈندىدار قاتارلىق كۆپ خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق مۇھىت قوغداش كۈنى ۋە بازار كۈنىدىن پايدىلىنىپ تەشۋىقات سەھىپىسى قۇرۇش، تۈرلۈك تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى تارقىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن يېڭى «مۇھىت قوغداش قانۇنى» ۋە ئېكولوگىيە-

لىك مۇھىتنى قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتتۇق. ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تۈزەش قۇرۇلۇشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، «ئىلى ۋادىسى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ئومۇمىي پىلانى»نى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۇ مەنبەسىنى قوغداش ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، توغرىسۇ، قاتتىق دۆب دەرىخى ئورمان مەنزىرە رايونى، قاش دەرياسى، ئىلى دەرياسى ئىككى قىرغىقىنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى سۇلۇق يەرلىرىنى قانۇن بويىچە قوغدىدۇق. شىنجاڭ تەڭرىتاغ ئېرەن تەبىئىيلىكى قوغدىلىش رايونى دۆلەتلىك ئورمان ئىدارىسى ۋە دۆلەتلىك مۇھىت ئاسراش مىنىستىرلىقىنىڭ باھالىشىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتتى. شىمالىي تاغ قاپتىلىدىكى تۇرپانيۈزى يېزىسىدىن قاش يېزىسىغىچە بولغان 220 مىڭ مو قاقاسلىقتىكى ئېكولوگىيە ئومۇمىي پىلانى ھەمدە 76 كىلومېتىرلىق يۇقىرى سۇرئەتلىك تاشيول بىلەن 13 كىلومېتىرلىق «بايلىق يولى»نىڭ ئىككى ئېكولوگىيە كارىدورى مەخسۇس پىلانى تاماملاندى. بەش يىلدا يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان ئورمان، ئىھاتە ئورمان، ئېكولوگىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە بىنا قىلىنغان ئورمان ۋە تاغنى قورشاپ يېتىشتۈرۈلگەن ئورمان 510 مىڭ موغا يەتتى. 370 مىڭ مو ئوتلاقتا چارۋا بېقىشنى مەنئى قىلدۇق. 2015 ـ يىلىغىچە جەمئىي 10 يېزىنىڭ مۇھىت ئاسراش پىلانى تۈزۈش خىزمىتى تاماملىنىپ، بىر يېزا «ئاپتونوم رايون بويىچە ئېكولوگىيەلىك يېزا» دېگەن نامغا، 21 كەنت «ئاپتونوم رايون بويىچە ئېكولوگىيەلىك كەنت» دېگەن نامغا، 12 يېزا «ئوبلاست بويىچە ئېكولوگىيەلىك يېزا» دېگەن نامغا، 109 كەنت «ئوبلاست بويىچە ئېكولوگىيەلىك كەنت» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

«12 ـ بەش يىل» مەزگىلىنى ناھىيەمىزدە ئۆزگىرىش ئەڭ چوڭ بولغان مەزگىل دېيىشكە بولىدۇ. يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن يېشىللىق كۆلىمى 120 مىڭ كىۋادرات مېتىرغا، قۇرۇلۇش رايونىدىكى يېشىللاشقان كۆلەم 273.5 گېكتارغا يېتىپ، يېشىللاشتۇرۇش بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %33.4كە، يېشىللاشتۇرۇلۇش نىسبىتى %29.1كە يەتتى. مۇھىتقا خىلاپلىق قىلغان كارخانىلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ھاۋا سۈپىتىنىڭ ياخشى بولۇش نىسبىتىنى %90تىن ئاشۇرۇشقا ئۇنۇملۇك كاپالەتلىك قىلىندى.

مۇھەممەدسالىھ مەتروزى: غۇلجا ناھىيەسىگە ھا-








كىم بولغاندىن بۇيانقى تەسىراتىڭىزنى قىسقىچە سۆزلەپ بەرسىڭىز.

كامىلجان ھاكىم: مەن بۇلتۇر 3 ـ ئايدا غۇلجا ناھىيەسىگە كەلدىم. بۇ بىر يىل جەريانىدا غۇلجا ناھىيەسىنىڭ تەرەققىياتىدا زور يوشۇرۇن كۈچ بارلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بولۇپمۇ غۇلجا ناھىيەسىدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ، بولۇپمۇ كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ بىر نىيەتتىكى ئىتتىپاقلىقى، خىزمەتلەردىكى ئېسىل ئىستىلى، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ تىرىشچان، ئىشچان، سەمىمىيلىكى ھەمدە ئىناقلىقىغا، مۇقىملىقىغا، تەرەققىياتقا ۋە ھاللىق سەۋىيەگە ئىنتىلىدىغان كۈچلۈك ئارزۇسى مېنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى، ئىلھاملاندۇردى. مۇشۇ قىسقىغىنا 11 ئاي ئىچىدە غۇلجا ناھىيەسىدىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ماكانغا رىشتىم چوڭقۇر باغلاندى.

بۇنىڭدىن كېيىن مەسئۇلىيىتىمىزنى چوقۇم ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى ئادا قىلىپ، ئوبلاستلىق












پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت كادىر ۋە ئاممىسى بىلەن بىر نىيەتتە بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قوغداپ، ناھىيەمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئىناق، گۈزەل تۇرمۇش مۇھىتى بەرپا قىلىش ھەمدە ئېرىشكەن نەتىجىلەرنى تېخىمۇ مۇس- تەھكەملەش ھەممىمىزنىڭ بۇرچى.

مەن ئاخىرىدا «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم تەشۋىقات مۇنبىرىدىن پايدىلىنىپ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ، ئورگانلارنىڭ، جەمئىي- يەتتىكى ھەر ساھەلەرنىڭ غۇلجا ناھىيەسىنىڭ تەرەق- قىياتىغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئۇنى قوللاپ، غۇلجا ناھىيەسىنىڭ مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن ماس قەدەمدە ھاللىق سەۋىيەگە قەدەم قويۇشقا ھەمدەمدە بولۇشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن. غۇلجا ناھىيەسى- نىڭ باغ - بوستان، گۈلزارلىقلىرى ۋە مېھماندوست، خۇشچاقچاق ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىللىق قوينى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ھەر ۋاقىت ئوچۇق.


ئالاھىدە ئەسكەرتىش: مەزكۇر سەھىپىگە ھېچقانداق ھەق ئېلىنمايدۇ. مەزكۇر سەھىپىدە ئېلان قىلىشقا تەييارلىنىدىغان زى- يارەت ماقالىلىرىنى تەھرىراتىمىز ئۆزى تەييارلايدۇ. باشقىلارنىڭ تەييارلىشىغا ھاۋالە قىلمايدۇ.

بۇ سەھىپىنىڭ ھەر ۋاقىت ئالاقىلىشىش تېلېفونى:
(0991) 8533288



# ئاق كۆڭۈل خوتەنلىكلەر

— چېن رۇيجۈن —



## مۇھەررىردىن:

بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى خۇيزۇ مىللىتىدىن بولۇپ، 1964 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىئەن شەھىرىدە تۇغۇلغان، 1987 ـ يىلى جېجياڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن. جۇڭگو قۇرۇلۇش ـ بىناكارلىق باش شىركىتى سىستېمىسىدا ئۇزاق يىل خىزمەت قىلغان ئالىي ئىنژېنېر. جۇڭگو قۇرۇلۇش ـ بىناكارلىق غەربىي شىمال لايىھەلەش ئىنستىتۇتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو قۇرۇلۇش ـ بىناكارلىق باش شىركىتى سىياسىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگو قۇرۇلۇش ـ بىناكارلىق تەرەققىيات شىركىتى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مۇدىرىيەت رەئىسى بولغان. 2008 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان كادىرلارنىڭ بىرسى سۈپىتىدە كېلىپ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 14 ـ دىۋىزىيە پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، مۇئاۋىن دىۋىزىيە باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ھازىر جۇڭگو قۇرۇلۇش ـ بىناكارلىق زىننەتلەش گۇرۇھى پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

چېن رۇيجۈن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پارتكومى تەرىپىدىن «شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتىكى مۇنەۋۋەر كادىر» بولۇپ تەقدىرلەنگەن ھەمدە «3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن» دەپ ئەنگە ئېلىنغان. 2012 ـ يىلى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتىكى مۇنەۋۋەر كادىرلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە ياشلارغا ئىلھام بېرىشتىكى كۆزگە كۆرۈنگەن شەخس» بولۇپ باھالانغان.

ئاپتور شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا نۇرغۇن نەسر، شېئىر، ناخشا تېكىستى يازغان. ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا ۋە بىڭتۈەنگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىنى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىگە بولغان قاراشلىرىنى، پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئىپادىلەپ، «شىنخۇا تورى» قاتارلىق نۇرغۇن ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغان. نۇرغۇن ماقالىلىرى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇ ئىجاد قىلغان «خوتەنگە قايتقان چۈش» ناملىق ناخشا جەنۇبىي شىنجاڭدا كەڭ تارقىلىپ، خوتەن ۋىلايىتىنى تەشۋىق قىلىشتىكى داڭلىق ناخشىغا ئايلانغان؛ ئۇ ئىجاد قىلغان چوڭ تېپتىكى ناخشا «كۆك ئاسمان ئاستىدىكى شىنجاڭ» داڭلىق ناخشىچىلار تەرىپىدىن ئورۇنلىنىپ، ناخشا ـ مۇزىكا ساھەسىدىكىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. مەزكۇر ماقالە ئۇنىڭ «شىنخۇا» نەشرىياتى 2011 ـ يىلى 11 ـ ئايدا نەشر قىلغان «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەكتۇپلار» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن ھەمدە «جۇڭگو سىياسىي كېڭىشى» ژۇرنىلىنىڭ 2015 ـ يىللىق 20 ـ سانىدا، «جۇڭگو قۇرۇلۇش ـ بىناكارچىلىقى» ژۇرنىلىنىڭ 2014 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

www.uyghurkitap.com



شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگىنىمگە ھەش - پەش دېگۈچە بەش يىل بولدى. گەرچە بېيجىڭ بىلەن خوتەننى قاتمۇقات تاغ - دەريالار ئايرىپ تۇرسىمۇ، خوتەنگە بولغان مۇھەببىتىم ھەرگىز سۇسلاپ قالماي، تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى: كۆزۈمنى يۇمسىملا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تاغ - دەريالىرى كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدۇ؛ كىشىلەر شىنجاڭ ھەققىدە سۆزلەشكەندە، «خوتەن» دېگەن بۇ نام تىلغا ئېلىنسا قەلبىم ھەم يېقىملىق، ھەم قايغۇلۇق بىر خىل ھېسسىياتقا چۆمۈلىدۇ... گەرچە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى بىلەن خوتەندە بىر يېرىم يىل تۇرغان بولساممۇ، بۇ يۇرتنىڭ ھەر تال گىياھى ۋە ھەر بىر چىمدىم تۇپرىقى بىلەن دوستانە ئۇچرىشىپ، ئەمەلىي تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرگەن بولغاچقا، بۇ يۇرتقا مېھرىم چۈشۈپ قالغانىدى. شۇڭا، مەن خوتەننى ھەر ۋاقىت سېغىنىمەن.

دائىم شىنجاڭ ھەققىدە — شىنجاڭنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئاشۇ ئاق كۆڭۈل، ساددا، پاك، سۆيۈملۈك ئۇيغۇر يۇرتداشلار ھەققىدە كۆپرەك بىر نەرسە يازاي، دەيمەن ۋە ئوبدانراق يېزىش ئۈچۈن ئىزچىل تىرىشىۋاتىمەن. خوتەنگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىمنى، ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ھېسسىياتلىرىمنى دوستلىرىمغا تونۇشتۇرۇشنى مەسئۇلىيىتىم، دەپ قارايمەن. ئازراق بولسىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ھەر خىل بىتەرەپلىمە ۋە خاتا قاراشلارنى يوقىتىپ، دوستلارغا ھەقىقىي شىنجاڭ، ھەقىقىي ئۇيغۇرلار ھەققىدە چۈشەنچە بەرسەم، دەيمەن.

مەن ئۈچۈن ئەڭ ئۇنتۇلماس كۈنلەر يەنىلا «5 - ئىيۇل» ۋەقەسىدىن كېيىنكى خوتەندىكى بىر مەزگىللىك كەچۈرمىشلىرىمدۇر.

2009 - يىلى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى خوتەندە قاتتىق يامغۇر ياغدى. شۇ كۈنى كېچىگىچە ياغقان يامغۇردىن كېيىن ھاۋا بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كەتتى. ھاۋادىكى چاڭ - توزانلار، تۈزۈپ تۇرغان قۇملار بېسىقىپ، خوتەننىڭ ئاسمىنى كۆپكۆك سۈزۈلگەنىدى، ئاق بۇلۇتلار ئاسماندا لەيلەپ يۈرەتتى. خوتەنگە نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى بىلەن كەلگىلىمۇ تۇپتوغرا بىر يىل بولغان بولۇپ، بۇ يەرنىڭ قۇم توزۇپلا تۇرىدىغان، تۇتۇق ئاسمانلىق مۇھىتىغىمۇ كۆنۈپ قالغانىدىم. مۇنداق ئوچۇق ھاۋانى كۆرۈپ كۆڭلۈممۇ بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كەتتى، شۇڭا ئىككى فوتوگراف دوستۇم بىلەن سىرتلارنى ئايلىنىپ كېلىشكە دېيىشتىم.



ئومۇمەن ئېيتقاندا، خوتەندە «مەشھۇر مەنزىرىلىك جايلار» كەمچىل، ئېچىلغان ساياھەت ئورۇنلىرى پەقەت «ئۈچ دەرەخ پادىشاھى ۋە بىر سۇ ئامبىرى»دىنلا





ئىبارەت ئىدى. «ئۈچ دەرەخ پادىشاھى» بولسا «ياڭاق پادىشاھى»، «ئەنجۈر پادىشاھى» ۋە «چىنار پادىشاھى»نى، «بىر سۇ ئامبىرى» «ئۇلۇغئاتا سۇ ئامبىرى»نى كۆرسىتەتتى. ساياھەتچىلەر ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن خوتەنگە پەقەت مۇشۇ ساياھەت ئورۇنلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈنلا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىزلىنىدىغىنى تەبىئىي، نېمىلا دېگەنبىلەن خوتەنگە كېلىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. قاتناش چىقىمى يۇقىرى، سىرتلارغا چىقىپ ساياھەت قىلىشتا يەنىلا چىقىمنى ئويلىشىدىغان گەپ.

جەنۇبىي شىنجاڭدا سۈرەتكە تارتىش چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى سۈرەتكە تارتقان بىلەن ئوخشاش ئەمەس: خوتەندە مەشھۇر تاغۇ دەريالار يوق، گۈزەل مەنزىرىلەر، داڭلىق سەيلىگاھلار يوق دېيەرلىك، خوتەندە ئاساسلىقى ئۆرپ - ئادەت مەنزىرىلىرىنى تارتىش كېرەك. ئۆرپ - ئادەتنى سۈرەتكە تارتىش ئۈچۈن خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈش، ئەڭ ياخشىسى شۇ يەردە تۇرۇپ، مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، ساددا، ئاق كۆڭۈل ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى چىن ئىخلاس بىلەن تارتىش كېرەك. مېنىڭچە، بىرىنچىدىن، ئەتراپتىكى يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ، پۇقرالارنىڭ ھەقىقىي تۇرمۇشىنى كۆزدىن كەچۈرۈش، خوتەننىڭ ئاجايىپ مەنزىرىسى بولغان مىڭ چاقىرىملىق «ئۈزۈم كارىدورى»نى كۆرۈش؛ ئىككىنچىدىن، يورۇڭقاش دەرياسىغا بېرىپ قاشتاش تېرىش ۋە ھېيتگاھ قاشتاش بازىرىغا بېرىپ ئايلىنىش كېرەك.

مەن ئاۋۋال مىڭ چاقىرىملىق «ئۈزۈم كارىدورى»نى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي: خوتەننىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ئالاھىدە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. جەنۇبى قاراقورۇم تېغىغا يېقىن، شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ؛ شىمالى تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىدىغان بولۇپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيەسى بىلەن؛ شەرقى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چەرچەن ناھىيەسى بىلەن؛ غەربىي جەنۇبى ھىندىستان، پاكىستاننىڭ كونتروللۇقىدىكى كەشمىر رايونى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2 مىليون 540 مىڭ مو بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.5 موغىمۇ يەتمەيدۇ. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئاز بولغاچقا، دېھقانلار يەرنى تېجەش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك چارە - ئاماللارنى تېپىپ، ھەتتا يېزا يوللىرىدىنمۇ پايدىلانغان. ئۇلار يولنىڭ ئىككى چېتىگە ئۈزۈم تال قويۇپ، تال بېدىشلىرىنى يولنىڭ ئۈستىگە قۇراشتۇرغان باراڭنىڭ ئۈستىگە ئالغان. مۇنداق بولغاندا بوشلۇقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، يەرنى تېجەپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈممۇ يارىتقىلى بولىدىكەن. خوتەن ناھىيەسىدىكى «ئۈزۈم كارىدورى»نىڭ ئۇزۇنلۇقى 1500 كىلومېتىردىن ئۇزۇن بولۇپ، بۇ كارىدور ئالاھىدە ھەم كۆركەم مەنزىرە ھاسىل قىلغان، شۇڭا خوتەننىڭ «ئۈزۈم كارىدورى» دۇنيادىكى مۆجىزە، دەپ ئاتالغان.


مىڭ چاقىرىملىق «ئۈزۈم كارىدورى»دا كۆپ قېتىم ماڭغان بولساممۇ، ھەر قېتىمدا يېڭىچە ھېسسىياتلارغا چۆمىمەن. خوتەننىڭ يېزىلىرىدا خەنزۇلارنىڭ نىسبىتى خېلىلا ئاز بولۇپ، مىڭ چاقىرىملىق «ئۈزۈم كارىدورى»دا يۇرۇش خەنزۇلار يوق بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. «5 - ئىيۇل» ۋەقەسى يۈز بەرگىنىگە ئىككى ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما بىز بىرنەچچە زىيارەتچىگە نىسبەتەن بۇ يەردە يۇرۇش يەنىلا











كىشىنى ئەنسىزچىلىككە سالماي قال-
مايتتى.

كۆز ئالدىمىزدىكى گۈزەل مەنزى-
رىلەر ئىچىمىزدىكى قورقۇنچلارنى ئال-
لىقاياقلارغا ئەكەتكەنىدى. «ئۈزۈم كارى-
دورى» بىزنى ئوراپ تۇراتتى. زۇمرەت-
تەك سانجاق - سانجاق ئۈزۈملەر قاش-
تاش ۋە گۆھەرلەردەك رەڭدار ھەم جۇلا-
لىق ئىدى. بىر - بىرىدىن كۆركەم ھەم تەملىك ئۈزۈملەر قولنى سو-
زۇپلا ئۈزگىلى بولىدىغان يەرلەردە ئىدى. ئەتراپ ھاياتىي كۈچكە تولغان
بولۇپ، گۈزەل ئېكىنزارلىق مەنزىرىسى كۆز ئالدىمىزدىلا ئىدى.

«ئۈزۈم كارىدورى»دا يەرلىك يۇرتداشلار ياغاچ قاچىلانغان تاغارلار-
نى باسقان ئېشەك ھارۋىلىرىنى ھەيدەپ ئاندا - ساندا ئۆتۈپ قالاتتى.
مەن ئۇلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام
قىلسام، ئۇلارمۇ ناھايىتى ئەدەپ بىلەن «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ بې-
شىنى ئېگىپ سالىمىمنى ئىلىك ئالاتتى. فوتو ئاپپاراتىم ئۇلارغا توغ-
رىلانغاندا، ئوغۇل بالىلار ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن فوكۇس چە-
قىرىپ تۇرۇپ بېرەتتى، قىزچاقلار بولسا دەسلەپتە خىجىل بولغىنىدىن
ئۆزىنى چەتكە ئېلىشاتتى، ئازراقتىن كېيىن بولسا يەنە سۈرەت تارتى-
شىمغا ماسلىشىپ بېرەتتى. ئۇلار فوتو سۈرەت ئاپپاراتىدا ئۆزىنىڭ
سۈرىتىنى كۆرۈپ، كۈلۈشكىنىچە نەلەرگىدۇر كېتىپ قالاتتى... دەل
شۇ ۋاقىتتا ئۇدۇلدىن ياش بىر چوكان ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ كې-
لىپ قالدى. ھارۋىدا ئىككى كىچىك بالا بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن
مول ھوسۇل خۇشاللىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ خۇشال سىيماسى
بىلەن «ئۈزۈم كارىدورى» بىرلىشىپ گۈزەل بىر كارتىنا بولۇپ شەكىل-
لەنگەنىدى. ئۇچەيلەن فوتو سۈرەت ئاپپاراتىنىڭ ئۆزلىرىگە توغرىلانغان-
لىقىنى كۆرۈپ ھاياجانلانغانلىقىدىن كۈلۈشۈپ كەتتى. سۈرەت ئالدى-
راپ - تېنەپ تارتىلغان بولغاچقا، كۆڭۈلدىكىدەك چىقمىدى. بىز

ئۇلارغا هارۋا بىلەن قايتىدىن بىر كېلىشىنى ئۆتۈن-
دۇق. ئۇلار خىجىل بولغان هالەتتە ماقۇل بولدى. ئۇلار
بىزگە ماسلىشىپ باياتىنقى مەنزىرىنى قايتىدىن نامايان
قىلدى، بىز بۇنىڭدىن ناهايىتى تەسىرلەندۇق...

مىڭ چاقىرىملىق «ئۇزۇم كارىدورى»دا كېتىۋې-
تىپ، كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان مەرۋايىتتەك ئۇ-
زۇملەرگە مەپتۇن بولۇپ كەتتۇق. يېگۈمىز كېلىپ
كەتتى. ئۇزۇم سېتىۋېلىپ يېمەكچى بولۇپ ئەتراپىمىز-
غا قارىساق ئادەم كۆرۈنمىدى. بىر - ئىككى ئادەمنى
ئۇچراتقان بولساقمۇ، تىل بىلمىگەچكە ئۇلار بىلەن
گەپلىشەلمىدۇق. شوپۇر بۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى ياخشى
بىلگەچكە، كۇلۇپ تۇرۇپ «ئىختىيار ئۇزۇپ يەڭلار، بۇ
ئۇزۇملەرگە بىرەر ئادەم قارىمايدۇ» دەپ ئەسكەرتتى.
لېكىن، «ئۇچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت» ئېسى-
مىزدە بولغاچقا، هەممىمىز ئالدى بىلەن ئۇزۇمنى ئۇزۇپ
يەپ، ئاندىن ئۇزۇمگە قارايدىغان ئادەمنى تېپىپ پۇلىنى
بېرىشنى قارار قىلدۇق. ئويلىمىغان يەردىن بۇ يەردىكى
ئۇزۇملەرنىڭ سېپى شۇنچىلىك چىڭ ئىدىكى، بىز ئۇ-
زۇم ئۇزىدىغان هېچقانداق ئەسۋاب ئېلىۋالمىغاچقا، بىر
هازا هەپىلىشىپمۇ ئۇزۇمنى ئۇزەلمىدۇق. بىز ئۇزۇم
ئۇزەلمەي ئاۋارە بولۇۋاتقان شۇ پەيتتە، بىر ئوغۇل بالا
موتوسىكلىتلىق بىز تەرەپكە ئۇچقاندەك كەلدى. موتو-
سىكلىتىنىڭ ئارقىسىدا كەتمەن بار ئىدى. بىز سەل
جىددىيلىشىپ، چۇشەندۇرمەكچى بولۇۋاتساق، ئۇ بالا
موتوسىكلىتنى توختىتىپ، دوستانىلىق بىلەن يېنى-
مىزغا كېلىپ، كىچىك بىر بەكىنى چىقىرىپ بىزگە
ئۇزۇم ئۇزۇپ بەردى. ئارقىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن
ئۇزۇمنىڭ بېدىشىغا چىقىپ ئەڭ ياخشى ئۇزۇملەردىن
يەنە بىر نەچچە ساپ ئۇزۇپ بىزگە تەڭلىدى. بىز رەهمەت
ئېيتقاچ پۇل تەڭلىسەك: «لازىمى يوق، لازىمى يوق.
يەڭلار، ئاغىنىلەر» دەپ بىزنى خىجىل قىلىپ
قويدى. بىز نېمە قىلىشىمىزنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا
قالدۇق. ئىچكىرى ئۆلكىلەردە مۇنداق ئەھۋاللارنى ئۇچ-
رىتىش هەقىقەتەن تەس ئىدى.

بىز يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. يول بويىدا هوي-
لىسى چوڭ بىر ئۆي بار ئىكەن. بىز هويلىغا كىردۇق،
هويلىدا ياغاق دۆۋىلەكلىك ئىدى، باللار دەرەخ ئاستىدا
تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتاتتى، ئايال غوجايىن ياڭاقلارنى پوس-
تىدىن ئاجرىتىۋاتقانىكەن. ئۇ مېهمان كەلگەننى كۆ-
رۇپ، قىزغىنلىق بىلەن چوڭ ياڭاقتىن بىرنەچچىنى
تاللاپ بىزنىڭ تېتىپ بېقىشىمىزغا تەڭلىدى. بىز يا-
ڭاقنىڭ يىغىۋېلىنىش ئەهۋالى، بۇ يىلقى باهاسى،
ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەهۋالىنى سورىدۇق. ئايال غوجايىن
سوئاللىرىمىزغا بىرمۇبىر جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ بىلەن
خوشلىشىپ ئۇزۇن ماڭمايلا، ئوتتۇرا ياشلار چامىسىدى-
كى بىر ئۇيغۇر ئەر كەينىمىزدىن يېتىشىپ كېلىپ،
بىزنى ئۆيىگە مېهمان بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئەسلىدە
ئۇ كىشى بىز باياتىن كىرگەن ئۆينىڭ ئەر غوجايىنى
ئىكەن. ئۇ ئۆيىگە كىرگەن مېهمانلارنىڭ تاماق يېمەيلا
كېتىپ قالغىنىنى ئۇقۇپ ئايالىدىن ئاغرىنىپتۇ. بىز-
نىڭ يەنە قىلىدىغان ئىشلىرىمىز بولغاچقا، ئۇنىڭ تەك-
لىپىنى مۇلايىملىق بىلەن رەت قىلدۇق. ئۇ كېلەر قې-
تىم كەلگەندە چوقۇم مېهمان بولۇپ كېتىشىمىزنى
قايتا - قايتا ئېيتتى.

ئەزەلدىن تونۇشمايدىغان بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىدى-
كىلەرنىڭ ئىشكى ئالدىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ناتو-
نۇش كىشىلەرگە مۇنچە قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇشى
كىشىنى هەقىقەتەنمۇ تەسىرلەندۇرمەي قالمايدۇ! ئۇي-
غۇرلارنى ياخشى بىلىدىغان كىشىلەر بۇ مىللەتنىڭ «ئا-
تاڭدىن قالغان نېمەتنىڭ يېرىمى مېهماننىڭ» دېگەن ئا-
تىلار سۆزىنى ناهايىتى ياخشى بىلىدۇ. مانا بۇ — يۈرەك
قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان قىزغىنلىق هەم ئەۋلادتىن -
ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاق كۆڭۈللۈكتۇر.

بۇ خىل ئاق كۆڭۈللۈكنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە
كۆپ قېتىم ئالدىنىشقا ئۇچرىغان ۋە دىلى ئازار يېگەن
كىشىلەر هەرگىز چۈشەنمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرلار-
دىكى مۇنداق ئاق كۆڭۈللۈك جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئې-
سىل ئەنئەنىلىرىنىڭ چېگرا رايونلاردىكى داۋاملىشى-
شىدۇر. خوتەن ۋىلايىتىدە قاتناش قولايسىز، ئۇچۇر تە-
رەققىي قىلمىغان، «هازىرقى دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ شال-
غۇتلىشى»نىڭ بۇلغىشىغا ئۇچرىمىغان بولۇپ، بۇ يەر
خۇددى «خىيالىي جەننەت»كىلا ئوخشايدۇ. شۇڭا، قانا-
ئەتچانلىق، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە مىننەتدارلىق روهىي ها-
لىتى ناهايىتى ئوبدان ساقلانغان.

خوتەن ۋىلايىتى يەنىلا نامرات هالەتتە تۇرماقتا.
خوتەنلىكلەر ئۇچۇن تەبىئىي مۇهىتى ناچار بولغان
مۇنداق زېمىندا ياشاش هەرگىزمۇ ئاسانغا توختىمايدۇ.
شۇڭا، ئۇلار سىرتقا يۈزلىنىش، سىرتتىن ئېلىپ كى-
رىش ئارقىلىق تەرەققىي قىلىشى كېرەك. لېكىن، بىر
قىسىم كىشىلەر سىرتلارغا يۈزلىنىپ، نەزەر دائىرىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كېڭەيدى، بىراق ئۇلار بۇ يەرگە تىنچسىزلىق ئېلىپ كەلدى، بۇ كىشىنى ئازابلايدىغان بىر ئىش.

تىنچسىزلىق پەقەتلا بىر جەريان، ھەممەيلەن بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر بىر - بىرىگە كۆيۈنسىلا، ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» بىرلىكتە پىلانلىغان «5 - ئىيۇل» ۋەقەسىنىڭ مۇددىئاسى ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ، بىر - بىرىگە ئىشەنمەيدىغان، ھەتتا بىر - بىرىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان ھالەتنى پەيدا قىلىش ئارقىلىق، ۋەتەننى پارچىلاشتىن ئىبارەت جىنايى مەقسەتكە يېتىشتىن ئىبارەتتۇر.

«مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەندەك، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىناق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش — خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى! ئۇيغۇرلارنى ياكى خەنزۇلارنى «يامانلاشتۇرۇش» ئۇرۇق - تۇغقانلارغا ۋە يېقىنلارغا ئازاب سېلىپ، دۈشمەنلەرنى كۈلدۈرىدىغان ئىشتۇر. مەيلى ئۇيغۇرلار بولسۇن ياكى خەنزۇلار بولسۇن، مۇنداق ئىشلارنى قىلسا بولمايدۇ. ھەممەيلەن شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن قانداق ئىشلارنى قىلىش ھەققىدە كۆپرەك باش قاتۇرۇشى كېرەك.

(سۈرەتلەرنى چېن رۇيجۈن تارتقان)




بۇسارەم ئىمىن تەرجىمىسى

تەرجىمانى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە

# كىتابخۇمار ئادەمنىڭ قەلب بېغى ھەمىشە كۆكلەپ تۇرىدۇ

ــــ ئاتاقلىق شائىر، يازغۇچى
هاجى مىرزاھىد كېرىمى بىلەن سۆھبەت



ئابلاجان بوۋاقى
(«كاشغەر مەدەنىيتى» ژۇرنىلى تەھرىراتىدىن)


هاجى مىرزاھىد كېرىمى

سوئال: نۆۋەتتە جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان كىتاب
ئوقۇشقا يەنىمۇ ئەھمىيەت بېرىش ھەققىدىكى
قىزغىن بەس - مۇنازىرىگە قانداق قارايسىز؟ سىز -
نىڭچە، ھەر ساھە كىشىلىرىمىزنىڭ نۆۋەتتە كىتاب -
ماتېرىيال سېتىۋېلىش، ئوقۇش، پايدىلىنىش ۋە
ساقلاش ئەھۋالى قانداق؟

هاجى مىرزاھىد كېرىمى: (قەشقەر ئۇيغۇر
نەشرىياتىنىڭ پېنسىيونېرى) كىتاب ئوقۇش ياخشى
ئىش. ئۇ، ئادەمنى ئەقىل - پاراسەتتە يەنىمۇ تاكا -
مۇللاشتۇرۇپ، قەلب بېغىنى سۇغىرىش رولىنى ئوينايدۇ.
كىتاب ئوقۇيدىغان ئادەمنىڭ قەلب بېغى ھەمىشە كۆكلەپ
تۇرىدۇ. بۇ «باغ»دا مايسىلار ئۆسۈپ دان تۇتىدۇ، كۆچەتلەر
مېۋىگە كىرىدۇ. باغ ئىگىسى ئۆزى مېۋىلىرىنى يەپ ھۇزۇر -
لىنىپ، كۈچلىنىپلا قالماي، يەنە مېهمانلىرىنى باغقا بەھۇ -
زۇر باشلاپ، مەمنۇن قىلىپ ئۇزىتالايدۇ؛ ياخشىلىق ئىشى -
لىرىنى داغدام ئاچالايدۇ، پەرزەنتلىرىنى تېخىمۇ ياراملىق
قىلىپ تەربىيەلىيەلەيدۇ... دېمەك، كىتاب ئوقۇشقا ئەھمى -
يەت بېرىش توغرىسىدىكى بەس - مۇنازىرىنىڭ مەيدانغا
چىقىپ قىزىپ كېتىشى ــــ يامغۇردىن كېيىن پەيدا بولغان
ھەسەن - ھۈسەنگە ئوخشاش، كىشىلەر قەلب بېغىنىڭ
گۈللەپ - ياشنىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ھالبۇكى، ھەرساھە كىشىلىرىمىزنىڭ نۆۋەتتە كىتاب -
ماتېرىيال سېتىۋېلىش ئەھۋالى پەرقلىق. ئەتراپىمىزدىكى -
لەرنى كۆزىتىشىمچە، كىتابنى كۆپرەك سېتىۋالىدىغان يا -
كى لازىملىق ماتېرىياللارنى ئىزدەپ تېپىپ ئالىدىغانلار رې -
تىدە ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا تۇرىدۇ، ئۇلاردىن قالسا ئۇششاق
تىجارەتچىلەر، ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، ئاندىن ئوقۇتقۇچىلار.
ماڭا مەلۇم بولۇشىچە، كونىراپ، يىرتى -
لىپ كەتكەن دەرسلىك كىتابلاردىن باش -
قا، ئۆيىدە بەدىئىي ئەسەرلەر، ئەدەبىي
كىتابلار ۋە سىياسىي، پەلسەپىۋى كى -
تابلاردىن بىرەر پارچىمۇ يوق ئوقۇتقۇ -
چىلارمۇ خېلى كۆپ. بۇ، بەك ئەپسۇس -
لىنارلىق ئىش. ئۇلاردىن قالسا، مائاشى
خېلى يۇقىرى، ئوتتۇراھال ياكى مائاشى
تۆۋەن بولغان كادىرلار. ئۇلارنىڭ ئۆيلى -
رى شۇنداق كۆركەم زىننەتلەنگەن، خى -
رۇستال چىنە - قاچىلار پارىلداپ تۇر -
غان، رەڭدار چىراغلار ئېسىلغان؛ رەڭگا -
رەڭ گىلەم، يېكەندازلار سېلىنغان بول -
سىمۇ، كۆزگە كۆرۈنگۈدەك كىتاب ئىش -
كاپى ۋە كىتابلىرى يوق. بەلكىم ئۇلار -
نىڭ كىتاب ئېلىپ ئوقۇشقا ۋاقتى
چىقمىغاندۇ... كىتاب ئوقۇشقا، كەس -
پىي، ئەمەلىي، نەزەرىيەۋى بىلىملەرنى

www.uyghurkitap.com



ئۆگىنىشكە ۋاقىت ئاجرىتالمايدىغان ئاشۇنداق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ نەقەدەر زور مەنىۋى بايلىقىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى بىلىشى كېرەك...

سوئال: سىزنىڭچە، قانداق كىتابلار ياخشى كىتاب، نادىر كىتاب ھېسابلىنىدۇ؟ بىز قانداق كىتابلارنى كۆپرەك ئوقۇشىمىز كېرەك؟

ھاجى مىرزاھىد كېرىمى: مېنىڭچە، كىشىلەرگە ھەقىقىي بىلىم بېرىدىغان، ئادەمنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ ئىشەنچ - ئۈمىدكە تولدۇرىدىغان، غەيرەت - جاسارەت بەخش ئېتىپ ئالغا ئىنتىلدۈرىدىغان، توغرا دۇنياقاراش، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە توغرا قىممەت قارىشى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەيدىغان سىياسىي، پەلسەپىۋى، تارىخىي، بەدىئىي ئەسەرلەر نادىر كىتابلار ھېسابلىنىدۇ.

بىز «قۇتادغۇ بىلىك»، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» قاتارلىق تارىخىي كىلاسسىك كىتابلارنى ئوقۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى يەنە ھازىرقى زاماننىڭ رېئاللىقى، تەرەققىياتى، ئۆزگىرىش - چۆكۈشىنى لىللا ئايان ۋە بايان قىلالايدىغان سىياسىي، ئىجتىمائىي كىتابلارنى، گېزىت - ژۇرناللارنى ئوقۇشىمىز؛ يالغۇز ئەدەبىي ئەسەرلەرگىلا ئېسىلىۋالماي، دۇنيا ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا، تەرەققىياتىغا نەزەر سالدۇرىدىغان كىتابلارنى؛ ئىرادىمىزنى چىڭىتىپ، توغرا يولدا ئاداشماي ماڭدۇرىدىغان، روھىمىزغا تەسەللى بېرەلەيدىغان، كەلگۈسىمىزگە تېخىمۇ ئۈمىدۋارلىق بېغىشلايدىغان ياخشى كىتابلارنى ئوقۇشىمىز زۆرۈر. ھېچبولمىسا ھەر كۈنى بىر سائەت ۋاقىت ئاجرىتىپ كىتاب ئوقۇشىمىز، قىسقا ئۆمرىمىزدىكى چەكلىك ۋاقىتنى ھەرگىزمۇ ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا زايە قىلماسلىقىمىز لازىم. كىتاب بىزگە ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلىدۇ، خالىس دوست، مەسلىھەتچى ۋە ھەمراھ بولالايدۇ؛ ھېرىپ - چارچىغاندا كىتاب ئوقۇساق ھاردۇقىمىزنى چىقىرىدۇ. غەم - قايغۇ، دەرد - ئەلەملىرىمىزنى يوقىتىپ، كۆڭلىمىزنى كۆتۈرىدۇ. بىزگە تەمكىنلىك، سەۋر - تاقەت ئاتا قىلىدۇ. كىتاب بىزنى ناتونۇش دۇنيالار بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ، ئالەم سىرلىرىدىن خەۋەردار قىلىدۇ... بارمىغان يەرلەرگە بارغۇزىدۇ.

سوئال: سىز ياقتۇرۇپ ئوقۇغان، دۇنيا قارىشىڭىز ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىڭىزغا ئىجابىي جەھەتتىن تەسىر كۆرسەتكەن كىتابلار قايسىلار؟

ھاجى مىرزاھىد كېرىمى: بۇ جەھەتتە مەن ئوقۇغان كىتابلار ئاز ئەمەس. بۇلاردىن ئاساسلىقى، «مىڭبىر كېچە»، «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى»، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، «بابۇرنامە»، «قۇرئان كەرىم»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «چاھار دەرۋىش»، «خەمسە»، «ئۆتكەن كۈنلەر»، «ئاباي»، «كەچمىش»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، «ئويغىنىۋاتقان ئەجداد روھى»، «تارىخى رەشىدىي»، «ئېغىر تىنىقلار»، «سۇنغان قىلىچ»، «كۆكۈيۈن»... ۋەھاكازا. يۇقىرىدا نامى ئاتالغان ئەسەرلەر دۇنيا قارىشىم ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىمغا ئىجابىي جەھەتتە تەسىر كۆرسەتكەن، ئىرادەمنى مۇستەھكەملىگەن، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان قىزىقىشىمنى ئاشۇرغان، سەۋر - چىدامغا ئىگە قىلغان. ئۇمۇمەن، ئىنسانىيەتنى چۈشىنىشىمگە، ئادەملەرنى قەدىرلىشىمگە يول كۆرسەتكەن كىتابلاردۇر.

بۇ ۋاقىتقىچە ئۇيغۇر ئەدىبلىرى يازغان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنگە ئائىت كىتابلار، پەلسەپىۋى كىتابلار ۋە بەدىئىي ئەسەرلەر ئادەم خۇشال بولغۇدەك دەرىجىدە ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنماقتا. بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەنمەن. بولۇپمۇ ھېكايە، رومان، شېئىرنى كۆپ ئوقۇپ تۇرىمەن. بۇ توغرۇلۇق تەسىراتىم خېلى بار. كۆڭلۈمدە تۇغۇلغان ئىزتىرىپلىق سوئاللارمۇ يوق ئەمەس...

سوئال: بىر قىسىم ياشلار ئوتتۇرىغا قويغان «ئۇيغۇرچە كىتابلارنى ئوقۇماسلىق كېرەك» دېگەن تەشەببۇسقا قانداق قارايسىز؟

ھاجى مىرزاھىد كېرىمى: مېنىڭچە، مۇنداق دېيىش تەشەببۇس ئەمەس، بەلكى ئۆز قوۋمىدىن بولغان ئالىملارنى، ئەدىبلەرنى مەنسىتمەسلىكتۇر. تېخىمۇ ئوچۇق ئېيتقاندا، ئۆز مىللىتىنى چۆكۈرگەنلىك، ھازىرقى «تەرەققىي تاپتى» دەپ قارىلىۋاتقان غەربلىكلەرنى ئۆزىدىن ئۈستۈن كۆرۈپ، ئۇلارغا «سەجدە» قىلغانلىقتۇر. دانىشمەنلەر «ئۆز ئالىم - پازىللىرىنى، يازغۇچى - شائىرلىرىنى قەدىرلىمىگەن مىللەت — زاۋاللىققا يۈز تۇتقان مىللەتتۇر» دەپ توغرا ئېيتقان. مەن شۇنداق قارايمەنكى، ئالدى بىلەن ئۇيغۇرچە كىتابلارنى ئوقۇش كېرەك. ئوقۇماي تۇرۇپ يامانلاش ۋە ئۇنى ناچار دېيىش توغرا ئەمەس. ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىۋاتقان ھازىرقى كىتابلار ئىچىدە «غەرب»نىڭ ئاشۇ مەشھۇر يازغۇچىلىرى يازغان ئەسەرلەردىن قېلىشمايدىغان كىتابلار يوق

ئەمەس، بار! گەرچە تەبىئىي پەن جەھەتتە غەرب ئالىملىرى يازغان كىتابلاردەك كىتابلار يېزىلمىغان بولسىمۇ، ئەمدىلەتتىن يېزىلىشقا باشلاۋاتىدۇ. بۇنى قوتلۇقلاپ ئالىم - ئەدىبلىرىمىزگە ھەر جەھەتتىن ياردەمدە بولۇشىمىز زۆرۈر! مەن شۇنداق دەيمەن: ئۇيغۇرچە كىتابلارنى ئوقۇش ئىنتايىن زۆرۈر. مەن خۇشاللىق بىلەن ئوقۇيمەن ھەم ئوقۇۋاتىمەن؛ باشقا تىللاردىكى كىتابلارنى ئوقۇپ پايدىلىنالايدىغانلارغا ھەم تەشەككۈر ئېيتىمەن. مىللەتنىڭ مەنىۋى مەھسۇلاتلىرىنى كۆزگە ئىلماي، باشقىلارنىڭ ئۆلچىمىدە بىزنى ئۆلچەش نادانلىق ھەم بىمەنىلىك.

سوئال: ئىلگىرى نەشر قىلىنغان ۋە ھازىر نەشر قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە كىتابلار كىشىلەرنىڭ بىلىم، ئۇچۇر، يېڭىلىققا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالامدۇ؟ بۇ جەھەتتە نەشرىياتلاردىن نېمىلەرنى كۈتىمىز؟

ھاجى مىرزاھىد كېرىمى: كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، ئىلگىرى نەشر قىلىنغان ۋە ھازىر نەشر قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە كىتابلار كىشىلەرنىڭ بىلىم، ئۇچۇر، يېڭىلىققا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. بولۇپمۇ تەبىئىي پەن ساھەسىدە يېزىلىۋاتقان كىتابلار دەرسلىكلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماقتا. گەرچە چەت ئەللەردە ئوقۇغان، ئوقۇۋاتقان بىر قىسىم دوكتورلىرىمىز تەبىئىي پەن ساھەسىدە بىر تۈركۈم ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، بۇلار كىشىلەرنىڭ يېڭىلىققا بولغان ئېھتىياجىنى، بىلىم ئىگىلەشكە بولغان ئومۇميۈزلۈك تەلپىنى تەلتۆكۈس قاندۇرالمايۋاتىدۇ. شۇڭا، نەشرىياتلىرىمىز بىرىنچىدىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەلپىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تەبىئىي پەن يېڭىلىقلىرى، تەبىئىي پەن تەرەققىياتى توغرۇلۇق يېزىلغان كىتابلارنى (تەرجىمە ئەسەر بولسىمۇ) نەشر قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. ئىككىنچىدىن، پەلسەپە، قانۇن، ئىسلاھات توغرۇلۇق يېزىلغان كىتابلار ئىچىدە، مۇئەللىپ خىراجىتى بىلەن نەشر قىلىنىۋاتقان كىتابلارنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن يۇقىرى سەۋىيەلىك بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. ئۈچىنچىدىن، نۆۋەتتە مۇئەللىپ خىراجىتى بىلەن نەشر قىلىنىۋاتقان كىتابلارنىڭ بەزىلىرى بۇ تەلەپكە يەتكىنى يوق. شۇڭا، ئوقۇرمەنلەر ئىچىدە «بەدىئىي ئەسەرلەر پاخاللىشىپ كەتتى؛ كىشىنىڭ ئۇسسىغان يېرىگە بارمايدۇ، ھوزۇر بەخش ئېتەلمەيدۇ...» دېگەندەك ئىنكاسلار ئوتتۇرىغا چىقماقتا. مېنىڭچە، بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتورلارغا قاتتىق تەلەپ ۋە شەرت قويۇش لازىم. يازغان ئەسەرلىرى ئەمەس، ھەتتا مۇئەللىپلىك سالاھىيىتى يوق ئاپتورلارنىڭ پۇل چىقىرىشىغا ھاجەتمەن ئەمەسلىكىنى نەشرىياتلار ئوچۇق بىلدۈرۈشى كېرەك.

سوئال: كىتاب ئوقۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتتە كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈش ھەققىدە قانداق يېڭى تەكلىپ ياكى مەسلىھەتلىرىڭىز بار؟

ھاجى مىرزاھىد كېرىمى: بىرىنچى، كىتاب — ھاياتقا مۇھەببەت باغلاتقۇزىدىغان ۋاپادار دوست، بۇنى چۈشىنىدىغانلار چۈشەنمەيدىغانلاردىن ئاز. شۇڭا، بۇ جەھەتتىكى تەشۋىق - تەربىيەنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش لازىم. ئىككىنچىدىن، كىتابلارغا لىللا باھا بېرىدىغان، ياخشى، نادىر كىتابلارنى تونۇشتۇرىدىغان ئوبزور - ماقالىلەرگە گېزىت - ژۇرناللاردىن كۆپرەك ئورۇن بېرىش، رادىيو - تېلېۋىزىيەلەردە ئېلان قىلىش كېرەك. بۇ ئىش ئوقۇرمەنلەرنى كۆپەيتىدۇ. قوشۇمچە تەكلىپىم شۇكى، ھەرقايسى نەشرىيات، گېزىت - ژۇرنال تەھرىراتلىرى ھەقسىز كىتاب - ژۇرنال، گېزىت ئوقۇش ئۆيلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئاممىنى كىتاب ئوقۇشقا جەلپ قىلىشى لازىم. بۇمۇ ئىسلاھاتنىڭ ئەۋزەللىكىنى، ئۆگىنىشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشنىڭ، بىلىم ئىگىلەشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدىغان ئۈنۈملۈك ئامال، ئەلۋەتتە.

سوئال: سىزنىڭچە، كىتاب ئوقۇشنىڭ توغرا ئۇسۇلى قانداق؟ بۇ جەھەتتە قانداق تەجرىبىلىرىڭىز بار؟

ھاجى مىرزاھىد كېرىمى: چۈشىنىپ ئوقۇش كىتاب ئوقۇشنىڭ توغرا ئۇسۇلىدۇر. بۇ جەھەتتىكى تەجرىبەم شۇكى، بىر پارچە كىتابنى چۈشىنىپ ئەستايىدىل ئوقۇغاندا، شۇ كىتاب توغرىسىدا چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. مەن يەتتە يېشىمدىن باشلاپ كىتاب ئوقۇشقا باشلىغان، 15 يېشىمدىن باشلاپ قىزىقىپ ئوقۇشتىن چۈشىنىپ ئوقۇشقا كىرىشكەنىدىم. تاكى ھازىرغىچە ئەتراپلىق چۈشەنچە ھاسىل قىلمىغۇچە كىتابنى قولۇمدىن چۈشۈرمەي كېلىۋاتىمەن. قىزىقمىغان كىتابنى ئوقۇماسلىق، نادىر كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇش — مېنىڭ تەجرىبەمدۇر!



# يۇغۇرلار يۇرتىغا سەپەر (1)



ئابدۇرازاق سايىم



غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغار

**مۇھەررىر ئىلاۋىسى:** گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيەسىگە ماكانلاشقان يۇغۇرلار (裕固族)ئۆزلىرىنى «يۇغۇر — ئۇيغۇر» دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ غەربىي تارمىقى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە، شەرقىي تارمىقى موڭغۇل تىلى ئائىلىسىگە مەنسۇپ. «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئورۇق – تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى تەتقىقاتى» تېمىسى گۇرۇپپىسىدىكى بىر قىسىم خادىملار 2014 – يىلى 9 – ئايدا گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيەسىگە بارغان؛ ناھىيە رەھبەرلىرى ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى بىر قىسىم ئەربابلارنىڭ ھەمراھلىقىدا سۇنەن ناھىيەسىگە قاراشلىق مېيخۇا يېزىسى، داخې يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ، يۇغۇرلارنىڭ تىل، مەدەنىيەت، تۇرمۇش، ئۆرپ – ئادەت، ئەدەبىيات – سەنئەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى نەق مەيداندا سۆھبەتلىشىش، خاتىرىلەش، شۇنىڭدەك سۇنەن ناھىيەلىك مۇزېي، مەدەنىيەت سارىيى قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئارقىلىق، سۇنەن ناھىيەسىگە ۋە يۇغۇرلارغا ئالاقىدار بىر قىسىم مەلۇماتلاردىن خەۋەردار بولغان. تېما گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ بۇ جەرياندا كۆرگەن – ئاڭلىغانلىرىنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە بۇ يازمىنى ژۇرنىلىمىزدا بۆلۈپ ئېلان قىلىشنى لايىق تاپتۇق.



# سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيەسى 1954 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى بىردىنبىر يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيەسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ خېشى كارىدورىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، چىليەنشەن (چىليەنشەن تېغىنى يەرلىك يۇغۇرلار تەڭرىتاغ — 天山 دەپ چۈشەندۈرگەچكە، بىزمۇ شۇ بويىچە «تەڭرىتاغ» دەپ ئالدۇق) تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 24 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. گەنسۇ ۋە چىڭخەي ئۆلكىلىرىنىڭ يەتتە شەھەر (ئوبلاست)، 15 ناھىيەسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئالتە يېزا، ئىككى بازار، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى توققۇز چارۋىچىلىق مەيدانى (101 مەمۇرىي كەنت ۋە ئۈچ يېزا ـ بازار دەرىجىلىك مەھەللە)غا ئايرىلغان بولۇپ، يۇغۇر، خەنزۇ، موڭغۇل، تىبەت قاتارلىق 16 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 14 مىڭ 554 ئائىلە، 37 مىڭ 579 نوپۇس بار. كۆپىنچە ئاھالىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 21 مىڭ 200 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 56.5%نى، يۇغۇرلارنىڭ ناھىيەدىكى نوپۇسى 10 مىڭ 200 نەپەر بولۇپ، ناھىيە نوپۇسىنىڭ 27%نى ئىگىلەيدۇ.

سۇنەننىڭ يەر شەكلى جەنۇبىي قىسمى ئېگىز، شىمالىي قىسمى پەس بولۇپ، «خېشى كارىدورىنىڭ ئالدىدىكى تۈزلەڭ رايون» ۋە «تەڭرىتېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاغلىق رايون» دەپ ئىككى كارىدور ھاسىل قىلغان. قىش، ئەتىياز پەسلى ئۇزۇن ھەم سوغۇق، ياز پەسلى سالقىن ھەم قىسقا. ناھىيە تەۋەسىدە يايلاق، كان مەھسۇلاتلىرى، سۇ مىقدارى كۆپ؛ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت، ساياھەتچىلىك نۇقتىلىرى، تۈرلۈك جانلىقلار جەھەتتە ئەۋزەللىككە ئىگە. ناھىيە بويىچە 1 مىليون 710 مىڭ گېكتار كۆلەمدىكى يايلاقتا 1 مىليون 200 مىڭ تۇياق قوينى بېقىپ كېتەلەيدىكەن. بۇ ناھىيەنىڭ چارۋىچىلىقى خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، گەنسۇ ئۆلكىسى بويىچە «قوي، كالا باقمىچىلىقىدىكى چوڭ ناھىيە» ھەم گەنسۇدىكى «ئەلا سۈپەتلىك ئېگىز تاغ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي بازىسى» ھېسابلىنىدىكەن. سۇنەن ناھىيەسىدە مېتال كېنى ۋە غەيرىي مېتال كېنىدىن 34 خىلى بار بولۇپ، بۇلار 305 ئورۇنغا تارقالغانىكەن. ھازىر ئېچىلغىنى 15 خىلدىن ئاشىدىكەن. سۇنەننىڭ كۆمۈر زاپىسى 130 مىليون توننىغا، ھاكتاش زاپىسى 300 مىليون توننىغا يېتىدىكەن. ناھىيە تەۋەسىدە جەمئىي 33 دەريا ـ ئېقىن بار بولۇپ، خېشى كارىدورى سۇ ئېقىنىنىڭ 58.9%نى ئىگىلەيدىكەن. ئاپتونوم ناھىيە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنىڭ 70% زېمىنىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، تەۋەسىدە 408 كىۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدىكى 964 مۇزلۇق زاپىسى بار ئىكەن. ناھىيە تەۋەسىدە خۇيزۇلار مەسچىتىدىن ئىككىسى بار بولۇپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى 100 ئائىلىلىكتەك خۇيزۇ، دۇڭشياڭ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئاساسلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنى ھېسابلىنىدىكەن.

سۇنەن ناھىيەسى ھازىر مەدەنىيەت ۋە سايا-

www.uyghurkitap.com



ھەتچىلىكنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «قاشتاش، سۇ، شامال، كۆن نۇرى»دىن ئىبارەت تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىشنى نۇقتا قىلىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭىچە كەسىپلەر ئۈستىدە ئىزدىنىۋېتىپتۇ.

## يۇغۇرلار

بىز «سېرىق ئۇيغۇر» دەپ ئاتايدىغان بۇ قېرىنداشلىرىمىز ئۆزلىرىنى خەنزۇچە 尧熬尔 دەپ تونۇشتۇرسا، ئۆز تەلەپپۇزىدا «يۇغۇر — yughur» دەپ تەلەپپۇز قىلىدىكەن. يۇغۇر مىللىتىدىن بولغان ئەدىب ۋە تەتقىقاتچى تۆمۈر ئەپەندى يازغان «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى» ناملىق كىتابىتا: «ھازىرقى ئۇيغۇرلار (维吾尔) قەدىمكى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر (回鹘)لارنىڭ ئاساسىي گەۋدە قىسمى بولۇپ، ئۇيغۇر (维吾尔) بىلەن يۇغۇر (尧熬尔) ئەمەلىيەتتە بىر مەنبەدىن كېلىپچىققان ئىسىم، تەلەپپۇزدىلا سەل پەرق بار» دېيىلگەن.

يۇغۇرلار ئېلىمىزدىكى نوپۇسى ئازراق (2010 ـ يىلىدىكى 6 ـ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 14 مىڭ 378)، تارىخى ئۇزاق كۆچمەن چارۋىچى مىللەت. يۇغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇرلار (回纥) ياكى (回鹘) 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئورقۇن ـ يېنسەي ۋادىلىرىدىن جەنۇب (گەنجۇ)تىكى تەڭرىتاغلىرى ئەتراپىغا كۆچۈپ (گەنجۇ، لياڭجۇ ئەتراپلىرىدا كۆچۈپ يۈرۈپ)، خېشى كارىدورىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولۇپ قالغان. ئۇلار مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە خېشى كارىدورىغا كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىسى بىلەن قوشۇلۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ھۇنلار، چياڭلار، تۇبۇتلەر (تىبەت خانلىقى)، تاڭغۇتلار، موڭغۇللار بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولغان، بۇ جەرياندا بىر ـ بىرىنىڭ مەدەنىيەت تەسىرىگە ئۇچرىغان. خېشى كارىدورىدا ياشىغان گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى (甘州回鹘) ياكى خېشى ئۇيغۇرلىرى بۇ «يەردە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى»نى قۇرغان. بۇ خانلىق دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ياراتقان ھەمدە باشقا مىللەتلەر بىلەن قويۇق ئارىلىشىش جەريانىدا ئۆز ئارا بىرلىشىپ، ئايرىم بىر مىللەتلەر توپى — يۇغۇرلارنى شەكىللەندۈرگەن.

خېشى ئۇيغۇرلىرى گەنجۇ (بۇگۈنكى جاڭيې)نى ئاستانە قىلىپ، شەرقتە لەنجۇ، تيەنشۈي، خېلەنشەن تېغىدىن تارتىپ غەربىي شىمالدا خېلوچۈەن (ئېجىنا دەرياسى ۋە بادەن جىلىن چۆلى)، غەربتە دۇنخۇاڭ ۋە ھازىرقى گەنسۇ ـ شىنجاڭ چېگراسىغىچە، جەنۇبتا گەنجۇدىكى تەڭرىتېغى ۋە چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىگىچە بولغان جايلارنى كونترول قىلغان. بۇ ۋاقىتتا خېشى ئۇيغۇرلىرى ئاساسلىقى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان؛ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، غەربىي يۇرت، ھىندىستان ـ رىم قاتارلىقلار بىلەن سودا ئالاقىسى ئورناتقان. مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەينى ۋاقىتتا شىمالدا ياشىغان ئاز سانلىق مىللەت چياڭ (羌)لارنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان داڭشياڭلار نىڭشيا ئەتراپىدا تاڭغۇت (غەربىي شيا) خانلىقىنى قۇرغان؛ بۇ خانلىق 1001 ـ يىلىدىن باشلاپ خېشى رايونىدىكى ئۇيغۇرلارغا ۋە چىڭخەي ـ شىزاڭ رايونىدىكى تاڭغۇتلارغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان. ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇڭ سۇلالىسى ۋە چىڭخەي ئەتراپىدىكى تاڭغۇتلار بىلەن بىرلىشىپ تاڭغۇت خانلىقى بىلەن 30 يىلغا يېقىن ئۇرۇش قىلغان. ئاخىر تاڭغۇت خانلىقىنىڭ شاھى لەشكەر تارتىپ گەنجۇنى ئىشغال قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى گەنجۇدىن قېچىپ، قايتا تەشكىللىنىپ تاڭغۇتلارغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇپ، گەنجۇدىكى چىليەنشەن (祁连山 — تەڭرىتېغى) تەرەپكە يۈرۈش قىلغان، يولدا قاغان كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان؛ مىلادىيە 1036 ـ يىلى تاڭغۇتلار خېشى ئۇيغۇرلىرىنى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇپ، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغان. بۇ يەردىكى ساغان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر قىسمى شاجۇ (ھازىرقى دۇنخۇاڭ)نىڭ غەربىدىكى (ئاپتونوم رايونىمىزدىكى) تەڭرىتېغى ۋە ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كۆچۈپ كەلگەن. يەنە بىر قىسمى پاناھ ئىزدەپ چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى تاڭغۇت قەبىلىلىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن... كېيىن ئۇلار تاڭغۇتلارغا سىڭىشىپ كەتتى.

«يۇغۇر» دېگەن بۇ نام ئادەتتە تارىختىكى «سېرىق ئۇيغۇر» ۋە «سارى ئۇيغۇر» بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. «سېرىق ئۇيغۇر» سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە تارىم ۋادىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى، يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە سېرىق ئۇيغۇرلار ياشىغان رايونلاردا «سارى ئۇيغۇر» دېگەن نام پەيدا بولغان.

«سېرىق ئۇيغۇر» ياكى «سارى ئۇيغۇر» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئۇلارنىڭ رەڭگى ياكى ئىرقىغا ئەمەس، بەلكى ئۇلار ياشىغان جۇغراپىيەلىك ئورۇنغا قارىتىپ ئېيتىلغان. ئەينى ۋاقىتتا هۇنلار، ئاۋارلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار ۋە موڭغۇللارنىڭ قەبىلىلەرنى ۋە يۆنىلىشنى رەڭلەر بىلەن پەرقلەندۈرىدىغان ئادىتى بولغان، غەربنى سېرىق، شىمال ۋە مەركەزنى كۆك، جەنۇبنى قىزىل ۋە قارا، شەرقنى ئاق رەڭ بىلەن پەرقلەندۈرگەن. يۇغۇرلارنىڭ ئېپتىدائىي قەبىلىسى غەربىي قىسمىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەركىبىدە بولغاچقا، «سېرىق ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان. «كۆك تۈرك»، «كۆك موڭغۇل» دېگەنلەر شىمالدىكى، يەنى مەركىزىي قىسمىدىكى تۈركلەر ۋە موڭغۇللارنى كۆرسەتكەن؛ قىتانلارنىڭ ماكانى جەنۇبتا بولغاچقا، قىتانلارغا «قارا» سۆزى قوشۇپ ئىپادىلەنگەن.

يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار دەل سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سارى ئۇيغۇرلاردۇر. موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدە موڭغۇللار سارى ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار ياشىغان رايونلاردا مەهكەمە تەسىس قىلىپ، ئۇلارغا هۆكۈمرانلىق قىلغان. يۈەن سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، خېشى كارىدورى مىڭ سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن. مىڭ سۇلالىسى چېگرا رايونلارنىڭ مۇقىملىقىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سەركەردىلەرنى يەنە چېگرانى قوغداشقا قويۇپ، سارى ئۇيغۇر رايونىدىكى سانغۇن بۇيان تېمۇرنى «تىنچلاندۇرغۇچى خان» دەپ بەلگىلىگەن هەمدە سارى ئۇيغۇر رايونىدا هەربىي تۈزۈمدىكى مەمۇرىي ئورگان تەسىس قىلغان، ئەتراپتىكى رايونلاردىمۇ قوروقچى بەگلەرنى تۇرغۇزۇپ باشقۇرغان. ئۇلارنىڭ شەرقىي قىسمى موڭغۇل تىلى ئائىلىسىگە تەۋە سېرىق ئۇيغۇرلار، غەربىي قىسمى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە تەۋە سېرىق ئۇيغۇرلار دەپ ئاتالغان. بۇلارنىڭ هەر ئىككىلىسى هازىر ئۆزلىرىنى «يۇغۇر» دەپ هېسابلىسىمۇ، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئۇيغۇر چارۋىچىلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى موڭغۇل چارۋىچىلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بىلەن ئاساسىي جەهەتتىن ئوخشاش بولۇپ كەتكەن ۋە موڭغۇل تىلىنى قوللانغان، موڭغۇلچە چاپان كىيگەن. ئارىدىن 300 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار شەرققە كۆچۈپ، چىلىيەنشەن (تەڭرىتاغ) ئەتراپىغا بارغاندىن كېيىنمۇ ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر ياكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان «شار ئۇيغۇر» (西拉尧熬尔) دەپ ئاتاشقان. سېرىق ئۇيغۇرلار تەدرىجىي راۋاجلىنىپ، تىپىك تۈرك ـ موڭغۇل تىپىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلار ئىتتىپاقى گورۇهىغا ئايلانغان.

موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇرلارنى بەزىلەر «موڭغۇل ئۇيغۇر ياكى شار ئۇيغۇر» (西拉尧熬尔) دەپ، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنى «تۈرك ئۇيغۇر» ياكى «سارى ئۇيغۇر» (撒里尧熬尔) دەپ ئاتىغان. بۇ يەردىكى ئىككى خىل ئىسىم كەڭ مەنىدىن ئوخشاش بولۇپ، شار (西拉)، سارى (撒里) دېگەنلەر تىل جەهەتتىن پەرقلىق بولسىمۇ، لېكىن هەر ئىككىسى «سېرىق» سۆزىنىڭ خەنزۇچە ئىككى خىل ئىپادىلىنىشى ئىدى.

سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان ئۇيغۇرلار بىلەن ئالتۇنتاغ (چىڭخەي بىلەن چارقىلىق ئارىلىقىدا)دا ياشىغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلارغا بېرىپ تاقىلىدۇ. سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نېمىشقا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغانلار بولىدۇ؟ ئەسلىدە ئەڭ دەسلەپكى سېرىق ئۇيغۇرلار دەسلەپتە هۇن قاغانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. هۇنلار غەربكە كۆچكەندە، هۇن ئىتتىپاقىنىڭ بىر گورۇهى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى هۇنلارغا ئەگىشىپ غەربكە كۆچكەن. مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە جەنۇبىي روسىيە ۋە ۋېنگرىيەدىكى هۇنلار ئارىسىدىمۇ سېرىق ئۇيغۇرلار بولغان. ئورقۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدە، سېرىق ئۇيغۇرلار موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئالتاي، ئالتۇنتاغ ئەتراپلىرى ۋە رايونىمىزدىكى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب، شىمالىدىكى يايلاقلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارمۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىر تارمىقى ئىدى.

* * *

سۈنەندىكى سېرىق ئۇيغۇرلار «شىجى خاجى» (西至哈志) ياكى «سەجى خاجى»نى دائىم تىلغا ئالىدىكەن. ئاۋۋالقىسى تۈركىي تىللىق سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ، كېيىنكىسى موڭغۇل تىللىق سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەلەپپۇزى بولۇپ، هەر ئىككى تەرەپ «بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىمىز شۇ يەردىن كەپتىكەن» دەيدۇ. بۇ جاي زادى قەيەردە؟ 1517 ـ يىلى چاغاتاي خانى مەنسۇرخان مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەۋەتكەن بىر مەلۇماتىدا: «...شىيېچۇ (写出)، خا-



چۇ (哈出)، كويۇ (苦峪)دىن ئىبارەت ئۈچ جايدىن ئادەم يوتكەپ...» دېگەن گەپ ئۇچرايدۇ. بەزىلەر بۇ گەپنى چۈشەندۈرۈپ: ئۇ ئالتۇنتاغدىكى ئاھالىسى شالاڭ بىر يايلاق، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بۇ يەرنى بىر مەزگىل يازلىق بارگاھ قىلغان، بۇ يەر ئۇلارنىڭ سىياسىي مەركىزى ئىدى، دەپ قارايدۇ. سۇنەندىكى مەدەنىيەت سارىيىدا ساقلىنىۋاتقان بىر سىزما خەرىتىدە «شىجى خاجى» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى لىنىيە كۆرسىتىلگەن، شىجى (西支) دېگەن لىنىيە غەربكە، قومۇل تەرەپكە سوزۇلىدۇ (لېكىن خەرىتىدە كونكرېت نەگە تۇتىشىدىغانلىقى كۆرسىتىلمىگەن)، «خاجى» (哈支) دېگەن لىنىيە دۇنخۇاڭ ئارقىلىق چەرچەن - چارقىلىق تەرەپكە سوزۇلىدۇ. بۇنىڭدىن 400 يىللار ئىلگىرى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بىر يامغۇرلۇق سەھەردە ئەجدادلىرىمىز: «شەرققە قاراپ مېڭىپ، لاتا كەش كىيىدىغان خەقلەرنىڭ يېنىغا بارساڭلار، مۇنبەت تۇپراق، سۇ ۋە يايلىقى ئەلۋەك ماكانغا ئېرىشىسىلەر دېگەن» دەپ ئاتلىرىغا مىنىشىپ، چارۋىلىرىنى ھەيدىشىپ، بۇ يەر بىلەن خوشلىشىپ شەرققە كۆچكەن، ئۇلارنىڭ كۆچۈش جەريانى تەسۋىرلەنگەن «كۆچ - كۆچ قوشاقلىرى» ھازىرغىچە سېرىق ئۇيغۇر ئەلنەغمىچىلىرى ۋە داستانچىلىرى تەرىپىدىن ئېيتىلىپ كېلىۋېتىپتۇ.

1949 - يىلى 9 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 1 - دالا ئارمىيەسى غەربىي شىمالغا يۈرۈش قىلغاندا، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقاللىرى ھەرقايسى قەبىلە باشلىقلىرىنى باشلاپ، جاڭيېغا كېلىپ ۋاڭ جېن قاتارلىق قوماندانلار بىلەن كۆرۈشكەن ھەمدە خەلق ئەسكەرلىرى گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى بىلەن بىرلىكتە ما بۇفاڭنىڭ قالدۇق باندىتلىرىنى تازىلاشقا قاتناشقان. 1953 - يىلى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جيۇچۈەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى قەدىمىي شەھەر جيۇچۈەندە «تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي باغرى (گەنجۇ)دىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنى»نى ئېچىپ، سېرىق ئۇيغۇر، تاڭغۇت (تىبەت)، موڭغۇل، قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۆز تەۋەسىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاپتونوم رايونلىرىنى قۇرۇش ئىشلىرىنى كېڭەشكەن. ئەينى ۋاقىتتا سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت نامى ھەققىدە ھەر خىل قاراش بولغان. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ئاقساقىلى بىلەن مېڭبېشى «مىللىتىمىز ئەڭ كەڭ قوللىنىدىغان، ئەڭ توغرا نامى — ‹يۇغۇر›نى مىللەت نامى قىلىش كېرەك» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن «يۇغۇر»نىڭ خەنزۇچە نامى خەنزۇچە «باياشات، مۇستەھكەم» مەنىسىدىكى 裕固 بىلەن يېزىش قارار قىلىنغان. 1953 - يىلى 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى گەنسۇ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىگە يازغان دوكلاتىدا ئۇلارنى 裕固族 (يەنى يۇغۇر مىللىتى) دەپ بېكىتكەن ھەمدە ئۇلارغا ئاپتونوم رايون قۇرۇپ بېرىش قارار قىلىنغان. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ زور كۆپچىلىكى جيۇچۈەن (سۇجۇ)نىڭ جەنۇبىدىكى نەنشەندە ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، ئاپتونومىيە ئورگىنىنىڭ نامى سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم رايونى (ناھىيە دەرىجىلىك) دەپ بېكىتىلىپ، 1954 - يىلى 2 - ئايدا جيۇچۈەن ۋالىي مەھكىمىسىگە قارايدىغان ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان؛ شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 11- كۈنى جيۇچۈەننىڭ خۇاڭنىباۋ دېگەن يېرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يۇغۇرلار ئۈچۈن خۇاڭنىباۋ يۇغۇر ئاپتونوم يېزىسى قۇرۇلغان. 1955 - يىلى ئاپتونومىيەلىك رايون نامى «سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيەسى»گە ئۆزگەرتىلىپ، جاڭيې ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولغان.

(داۋامى بار)

ئاپتورلىرى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە





ئابلىز ئوسمان

# شىمال لىرىكىلىرى

— «جەنۇبىي شىنجاڭ ياش يازغۇچىلىرىنىڭ شىمال سەپىرى» پائالىيىتىدىكى بارلىق دوستلارغا بېغىشلايمەن

1

«خانديار» ئالدىدىن سىم ـ سىم يامغۇردا،
ئاتلاندۇق شىمالغا دوستلار شادىمان.
بىر تاتلىق ھېسلاردىن يۈرەك ھۇزۇردا،
باغدىكى قۇشلاردەك ئۇردىدۇ خەندان.
ئېھ، شۇ دەم تۇيغۇلار دەۋرىگەن شوخ سۇ،
ھەر نىگاھ ئەۋجىدە چاراقلار يۇلتۇز.
ھەر ۋۇجۇد كۆكنى قۇچقاندەك ئاق قۇ،
تۇيۇلار شۇ دەقىق سۆيۈملۈك ۋە ئۇز.
نەپەسلەر ئۇرۇلار گۈلنىڭ ھىدىدەك،
خىياللار سەلكىنى ئۇچار بىمالال.
كىم دېمەس: ئەي، شائىر — ھىجرانكەش يۈرەك،
مېھرىنىڭ كۈيىدە ئەركىن يايرىۋال.

2

بۇ ئەمەس يوللارنىڭ باش ۋە ئاخىرى،
روھىمغا سىڭىغان ئەستىلىك پەقەت.
ئۇنىڭدا بار گۈزەل چۈشلەر تەسۋىرى،
تۇيغۇمنى ياشنىتىپ تۇرىدۇ ئەبەد.
كىم ئۇ دىل كۈيىنى چاتقان شامالغا،
شەپەققە قوشۇلۇپ چاچقان نۇر ـ يورۇق؟
كىم ئۇ بىر ئايلىنىپ نازۇك نىھالغا،
كۆڭۈلگە سۆيگۈدىن تېرىغان ئۇرۇق؟

پەرىشتە قانىتى ئەللەيلىشىدە،
بىر شېرىن ئازابتا بولدۇمەن بىھوش.
يوللارنىڭ تىنىمسىز تەۋرىنىشىدە،
سەزدىمەن ئۆزۈمنى گاھ جۇپ، تەنھا قۇش!

3

نېمە بار، نېمە يوق ئۆتكۈنچ ھاياتتا،
ماڭىسەن كىم بىلەن مەنزىللەر بويلاپ؟
بولساڭمۇ بىر غېرىب ياكى باي كاتتا،
توساتتىن شۇلارنى قالىسەن ئويلاپ.
گاھ ئوخشاپ قالىدۇ يوللار سوئالغا،
تۇتىشار روھىڭغا ئالۋۇن جىلۋىسى.
خىيابان ئايلىنار گاھى خىيالغا،
ھەر يۈرەك بىر تەقدىر ـ قىسمەت ئۇۋىسى.
جىمجىتلىق چۈشلەرنىڭ باغلىرى گويا
ئورماندەك كىرپىكتە تۇرار يېپىلىپ.
لاپپىدە قايرىلغان ئوتلۇق بىر نىگاھ،
ئىلكىدە چېچەكلەر كېتەر ئېچىلىپ.

4


يوللارنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى يۈرەك،
دىدارلىق مىنۇتلار گۈزەل دىلرابا.
ئاتەشلىك نەپەسلەر سۆيگۈدىن دېرەك،
دەيدۇ كەڭ قوينىنى ئېچىپ: مەرھابا!
قارا كۆز،

قارا كۆز،
ئوماق قارا كۆز،
«مايبۇلاق» بويىدا ئەسلىدىم سېنى.
تۆكۈلدى بىر غايىب لەۋدىن شېرىن سۆز،
چۆمدۈرەر سۆكۈتكە كەچمىش سەلكىنى.
ھىجراندىن ۋىسالغا سوزۇلغان چىغىر،
مەن، سەن يا ئېشەكلىك شۇ سېلىم بوۋاي.
كىم باردۇر يۈرىكى بولمىغان يېغىر؟
بۇ ھايات يولىدا قىسمەتلەر تالاي!
5
ئېھ، مانا يۈز ئېچىپ پايانسىز يايلاق،
چۆلگىدى ئۇيۇقنى يېشىل تەبەسسۇم.
تۈيغۇدىن تۈيغۇغا يېقىلىپ چىراغ،
دەۋرىدى دىللاردا ھۇزۇر، تەئەززۇم.
تەبىئەت مېھرىدىن رەڭلەندى ۋۇجۇد،
نىگاھلار بەرقىدە پارلىدى ئاپتاپ.
ھەر گىياھ، ھەر مەنە قىلدى تەۋەللۇت،
تولغاقتىن روھىنات چەكتى ئىزتىراپ.
سارغايغان تاقىر يەر چۈشلىرى ئارا،
قوي، بۆرە قىسمىتى بولدۇ ئايان.
قۇرۇسا بىر يىلتىز، بولغاي دىل يارا،
جىلۋىلەر ھېكمەتنى قىلدۇ بايان.
6
سۆزلەيمىز گاھىدا گۈللەر ھەققىدە،
ھەر غۇنچە چاناقتا يۇلتۇز چاقنىتار.
شەبنەملەر يالتىراپ يۇمران بەرگىدە،
ئاچچىق بىر قىسمەتنى ئېسىگگە سالار.
باغ ئەمەس پايانسىز گۈل دېڭىزىدا،
گۈللەرگە ئايلىنىپ كېتەركەن ئادەم.
ھاياتلىق ئۆزىنىڭ ئۇل ـ نېگىزىدە،
ئىنتىلەر خۇش پۇراق چاچسا دەپ لالەم.
گۈللەرنىڭ زوقىدا مەست بولۇپ بىر پەس،
خىياللار پەرۋازى بولدى كېپىنەك.
ئۈزۈلگەن غۇنچىنى ساقلاش تەس ئەمەس،
بولسا گەر گۈللەرگە ۋەتەن ھەر يۈرەك.
7
ھاياتنىڭ مەنىسى كۈتۈش، ئېھتىمال
تاڭلارغا ئىنتىلىپ ياشايدۇ ئادەم.
يوللاردا ھەر ئۆتەڭ ئاچقاندا جامال،
تۈيغۇلار بوزغۇنلاپ تاشار دەمبۇدەم.
ئېھ، سايرام، ئالەمنىڭ ئەينىكىمۇ سەن،
ئادەم ۋە ھەۋۋادىن قالغان تەۋەررۇك؟
ئاشىقنىڭ ھىجرانلىق يۈرىكىمۇ سەن،
زۇمرەتتەك چۈشلەرگە چۆمگەن مەڭگۈلۈك؟
ھەر ئۆتسەم ساھىلىڭ بېھىش تۈيۇلار،
مېھرىدىن ياغدۇرغان كەبى تەڭرىقۇت.

ھەر تامچەڭ بىر مەنە بولۇپ تۇغۇلار،
قالىدۇ ھېسلىرىم بولۇپ ئاق بۇلۇت.
8
دوستلۇق ۋە مېھرىدىن سۇ ئىچسە كۆڭۈل،
باراقسان باغلاردەك كۆلەركەن ھايات.
شۇ سەۋەب بۇۋىلار ئېيتقان «سۆي ـ سۆيۈل»،
يەتمىسۇن روھىمىزنىڭ گۈلىگە مامات.
ئىلىنىڭ باغلىرى ـــ جېلىلىيۇزىدە،
ئايلاندى دولقۇنلۇق دەرياغا تومۇر.
پارلىدى ھاياجان باتىن كۆزىدە،
سەنئىتىم سېھرىدىن يامرىغاندا نۇر.
ئەڭ گۈزەل ھېسلاردىن بىخلانغان يىلتىز،
ياپراقلار چۈشىنى ئەيلىدى زاھىر.
يۈرەكتىن يۈرەككە نەقىشلەنگەن ئىز،
بولغۇسى مەڭگۈلۈك گۆھەر ـ جاۋاھىر.
9
قېنى كىم قەلبىدە قوزغىماس ھەۋەس،
بۈككىدە ئورمانلار، يۈكسەك چوققىلار.
تولدۇرۇپ ئارىلىق نۇرىغا پەۋەس،
بۈركۈتتەك بىر سېزىم جاننى چوقۇلار.
چۆمسەمەن خىيالغا
بىر چېقىپ چۈشسەڭ،
تاپسەن ھەم ھايات يولۇڭغا تەڭشەك.
ئاندىن تاغ سۈيىنى قېنىپ بىر ئىچسەڭ،
ياغىدۇ ھۇزۇردىن روھىڭغا چېچەك.
ئېھ، تەلكە، باغرىڭدا يايرىدۇق شۇنداق،
تۈيۇلار ئەڭ گۈزەل چۈشتەك ئاشۇ دەم.
قوزغايدۇ ھەرقاچان دىلدا ئىشتىياق،
بېھىشتەك مېھرىڭدىن قالغان شېرىن تەم.
10
دوستلىرىم، ئايرىلىش ئەمەس بۇ مەنزىل،
ئۈكسۈمەس روھىمىز ئارا بۇ سەپەر.
ئانا يۇرت باغرىغا يىلتىزلىغان دىل،
سۆيگۈدىن بولغۇسى باراقسان شەجەر.
ئۈچمەيدۇ ساھىلدا بىز ياققان گۈلخان،
دولقۇنلار تومۇردا قىلىدۇ داۋام.
تۇغىدۇ جاسارەت بىز ئاشقان داۋان،
چوغلانغان كۆڭۈلنى ئەيلەپ ئاشىق رام.
بۇ يوللار ئىلاھىي رىشتىدۇر بەلكىم،
ئاداققى ۋىسالغا تاشلانغان قەدەم
ئېتىقاد، مۇھەببەت نۇرىدۇر بەلكىم
يۈرەكتىن ـ يۈرەككە بالقىغان ھەردەم.

2012 ـ يىلى 11 ـ ئاي

ئاپتورى «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىراتىدا



مەشكۇلۇك ئابدىلەر

# مەن بىلىدىغان روزى سايىت

ئابلەي مەتنىياز /

www.uyghurkitap.com



1993 ـ يىلى ئاپرېل ئېيىنىڭ بىر كۈنى ئىدى، مېنىڭ خوتەندىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكومىنىڭ 1992 ـ يىللىق چوڭلار مائارىپى سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىم بولۇپ، چۈشتىن كېيىنكى دەرس مۇزاكىرىسىدىن چۈشۈپ، مەكتەپ يېنىدىكى ئاشخانىغا تاماق يېيىش ئۈچۈن كىرگەنىدىم. تېلېۋىزوردا خوتەن ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى نەق مەيداندىن بېرىلىۋاتقانىدى.

بىر چاغدا رىياسەتچى قىزنىڭ «شائىر روزى سايىتنى شېئىر ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىمىز!» دېيىشى بىلەن زالدا قىزغىن ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. ئېگىز بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، سەل ئورۇق كەلگەن ۋە بېشىغا كەپكە شەپكە كىيگەن بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

ئون يىل بولدى...

سالام دوستلار، بۇرادەرلەر، يارەنلا،
پۇرسەت چىقىپ جەم بولۇپتۇق ئارانلا.
جەم قىلغىنى ئىستانسىنىڭ ئات تويى،
ئون ياشقا ساق تولغان تويى ـ شاد تويى.
ئۇلار تويغا ئاتاپ بىر زال پۇتكۇزۇپ،
ئاشۇ زالدا بەزمە ـ مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ
مېھمانلارنى مەرىكىگە چىللاپتۇ،
مېنى «نەزم ئوقۇيدۇ» دەپ خىللاپتۇ.
ئالدىڭلارغا چىقتىم شۇڭا يارانلار،
گەپنى باشلاي، تېلېۋىزورغا قاراڭلار.
بىر بىنا بار شەھىرىمىزنىڭ تېشىدا،
«ئىستانسا» دەپ ۋۇيۇسكىسى بېشىدا.
بىر مۇنار بار شۇ بىنانىڭ كۆكىدە،
غايەت ئېگىز، لامپۇچكىسى تۆپىدە.
ئۇ يورۇيدۇ كېچە تاڭدىن ئاشقىچە،
نۇر ـ جۇلالىسى شەيدا قىلىپ باشقىچە.
«جاھاننەما ئەينىكى»نىڭ ئۆزى ئۇ،
يۇرتىمىزنىڭ يۈرىكى ھەم كۆزى ئۇ.
ئۇ خوتەنگە باشلاپ كەلدى دۇنيانى،
ئۇ سايراتتى كەچتە بۇلبۇلگويانى.
ئۇ ئېپكەلدى خەۋەرلەرنى مەلىگە،
ئۆيدىن چىقماي، نەزەر يەتتى نەلىگە.
ئۇ توشۇدى ئۈچۈر، بىلىم ئېرىنمەي،
ئۇ يەتكۈزدى مەرىپەتتىن شېرىن مەي...
بولدى ئون يىل تىكلەنگىلى مۇنارغا،
ھەر ئاخشىمى ئايلاندى ئۇ خۇمارغا.
بىرەر سائەت توختاپ قالسا ھەرىكىتى،
يوقالغاندەك بولدى ئۆينىڭ بەرىكىتى.
سىڭىپ كىردى ئۇ مەنىۋى ھاياتقا،
ئىگە قىلدى ئەقىل، ئىدراك، قاناتقا.
كىنو ئۈچۈن پۇل چىقارماي يانچۇقتىن،
ھۇزۇر ئالغاچ بۇ كەمدە شۇ «ساندۇق»تىن؛
شۇ «مۇنار»نىڭ ئەجرى ئەلگە بەك ياقار،
شۇ «مۇنار»غا يۈرەكلەردىن كۆي ئاقار.
دېمەك، مۇنار — تېلېۋىزىيە مۇنارى،
بۈگۈن ئۇنىڭ ئون ياش چېغى ـ باھارى.
نۇسرەت تىلەپ ئون ياشلىق شۇ قىرانغا،
چىققىنىم بۇ نەزم ئوقۇپ ئېكرانغا.

1993 ـ يىلى 2 ـ ئاپرېل، خوتەن

بۇ شېئىر مەزمۇنلۇق، ئوبرازلىق، جەلپ قىلارلىق، يۇمۇرلۇق يېزىلغان بولۇپ، شائىر شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىۋاتقاندا، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ چاۋاك چېلىنىپ تۇرغان بولسا، شېئىرنىڭ تۈگىشى بىلەنلا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى كۆتۈرۈلدى. دېمەك، شائىر بۇ شېئىرى ئارقىلىق خوتەن ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئون يىللىق تەرەققىياتىنى ناھايىتى ياخشى سۈرەتلەپ بەرگەنىدى.

روزى سايىت دېگەن ئىسىمنى گېزىت ـ ژۇرناللاردىن كۆپ كۆرەتتىم. مانا ئەمدى ئۇزاقتىن بۇيان داڭقىنى ئاڭلاپ، شېئىرلىرىنى ئوقۇپ كېلىۋاتقان شائىرنىڭ سىيماسىنى تېلېۋىزوردىن كۆرۈپ ئولتۇراتتىم. شائىر روزى سايىتنىڭ يارقىن سىيماسى خېلى كۆڭلەرگىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. مەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنى ئوقۇش بىلەن شېئىرىيەتكە قىزىققان بولسام، شائىر روزى سايىتنىڭ دېكلاماتسىيەسىنى تىڭشاپ، بىردىنلا كۆڭلۈمدە شېئىر يېزىپ بېقىش، شائىر روزى سايىتتەك شائىر بولۇش ھەۋىسى قوزغالدى... گەرچە مەن تېبابەت كەسپىدە ئوقۇۋاتقان بولساممۇ، شۇ چاغلاردا يازغان بىرمۇنچە مەشىق شېئىرلىرىمنى كۆتۈرۈپ، بىر چۈشتىن كېيىنلىكى كىنو ـ تىياتىرخانا يېنىدىكى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھ-

رىر بۆلۇمگە باردىم. شائىر مېنى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئېلىپ، شېئىرلىرىمنى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆرۈپ، تېخىمۇ كۆپ يېزىپ مەشىق قىلىشىمنى تاپىلىدى ھەمدە يازغانلىرىمنى ھەپتىدە بىر قېتىم ئەكېلىشىمنى، ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ مەن كۈندە دەرستىن چۈشۈپ، تاپشۇرۇقلارنى تۈگەتسەملا، شېئىر يېزىپ مەشىق قىلىشقا كىرىشەتتىم. يازغانلىرىمنى شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرى ئاپىرىپ، شائىر روزى سايىتتىن تەلىم ئالاتتىم. شائىر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا چۈشلۈكى ئۆيىگە قايتمايتتى. چۈنكى، شائىر بىلەن ھەمداستىخان بولۇشقا، مۇڭدىشىشقا ئىنتىزار كىشىلەر كۆپ ئىدى. شائىر مۇنداق ئۇچرىشىشلارنى تۇرمۇش ئۆگىنىشىنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلەتتى. شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرىدە ئاساسەن ئۆيىدە ئارام ئالمايتتى. چۈنكى، ئارام ئېلىش كۈنلىرىدە نۇرغۇن ئولتۇرۇش، سۆھبەتلەر شائىرنى كۈتۈپ تۇراتتى.

شائىر مېنىڭ شېئىرلىرىمنى كۆرۈپ، بەزىلىرىنى «ياخشى يازالماپسىز»، «ئاددىي بولۇپ قاپتۇ» دەپ قولۇمغا قايتۇرۇپ بېرەتتى، بەزى شېئىرلىرىمنى ئوقۇپ بولۇپلا، قولىغا قەلەم ئېلىپ ناھايىتى تېزلىكتە تۈزىتىپ بېرەتتى ياكى مەن ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇننى باشقىچە شېئىرىي مىسرالار بىلەن قايتىدىن يېزىپ كۆرسىتەتتى.

شائىرنىڭ ئىنكاسى ناھايىتى تېز بولۇپ، مەيلى شېئىر يېزىش ياكى گەپ ـ سۆزدە بولسۇن ھەرىكىتى چاقماقتەك ئىدى، خۇددى ھېسام ئاكا قەيەرگە بارسا شۇ جايدا كۈلكە ـ چاقچاق، يۇمۇر ـ لەتىپىلەر قىزىپ كەتكىنىگە ئوخشاش، شائىر بارغانلىكى يەر قىزغىن سۆھبەت، قىزىق گەپلەر بىلەن جانلىنىپ كېتەتتى. شائىرنىڭ قىزغىن، يۇمۇرلۇق گەپ ـ سۆزلىرىدىن كۆڭۈللەرگە خۇشاللىق يامرايتتى، ئۇنىڭ قىزىق گەپلىرى ئەل ئارىسىغا تېزلا تارقىلىپ كېتەتتى.

1993 ـ يىلى كۈز پەسلىدە خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى قاتارلىق بىرمۇنچە ئورۇنلار ۋە شائىرنىڭ دوستلىرى، قەلەمداشلىرى ھەمدە باشقا كىشىلەر شائىرنىڭ 50 ياشقا توشقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ھەر خىل ئەنجۇمەن ـ ئولتۇرۇش، سۆھبەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، شائىرنى بەس ـ بەستە مۇبارەكلەشتى. جۈملىدىن مەنمۇ كىچىك بىر سورۇن راسلاپ، شائىرنىڭ 50 ياشقا كىرگەنلىكىنى مۇبارەكلىمەكچى، ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ، كۆپرەك تەلىم ئالماقچى بولۇپ، شائىرنى بىر شەنبە كۈنى كەچتە ياتىقىمىزغا تەكلىپ قىلدىم. شائىر: «سىز بۇ يۇرتقا مۇساپىر، يەنە كېلىپ ئوقۇغۇچى، كۆڭلىڭىز تېگىل بولدى، ئاۋارە بولماڭ...» دەپ تۇرۇۋالدى. مېنىڭ قايتا ـ قايتا تەكلىپ قىلىشىم بىلەن ئاخىر ماقۇل بولدى.

مەن ياتاقداشلىرىم، يەنى قاغىلىق ناھىيەلىك ئۇيغۇر تېبابىتى شىپاخانىسىدىن كەلگەن ئاغىنەم ئابدۇۋايىت نۇرئەخمەت، ئاۋات ناھىيەلىك ئۇيغۇر تېبابىتى شىپاخانىسىدىن كەلگەن ساۋاقدىشىم ئەنۋەر ئىبراھىم ئۇچەيلەن ئاددىيغىنا تەييارلىقلار بىلەن شائىرنى كۈتۈپ ئولتۇردۇق. نامازشامدىن ئۆتكەندە شائىر خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ دوتسېنتى، شائىر ئابدۇللا سۇلايمان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن لوپ ناھىيەسىگە خىزمەتكە كەلگەن شائىر، يازغۇچى، ئەدەبىي تەنقىدچى ماخمۇتجان ئىسلام قاتارلىقلار بىلەن ياتاققا كىرىپ كەلدى. ھايال ئۆتمەي، شائىر بىرمۇنچە يۇمۇر ـ چاقچاقلار بىلەن ئارىدىكى ياتسىراش، خىجىلچىلىق، تارتىنىشلارنى بىردەمدىلا يوقىتىۋەتتى. ئارىدا شائىر ئابدۇللا سۇلايمان «ئويناشمىغىن ئەرباب بىلەن» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇپ بېرىپ، ئىككى شائىرنىڭ پىكىر بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۈچ شائىر ئۆزلىرى يازغان شېئىرلار توغرىسىدا چاقچاق شەكلىدە بىر ـ بىرىگە پىكىر بېرىشىپ، سۆزلىشىپ سۆھبەت ناھايىتى قىزىدى. مەن ئارىلىقتىكى پاراڭ توختىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شائىرغا ئاتىغان ئېسىل بىر قالپاق، نەپىس رەڭلىك خاتىرە دەپتەر، بىر دانە قەلەم قاتارلىق سوۋغىلىرىمنى ھۆرمەت بىلەن سوۋغا قىلدىم. شائىر بۇنى ئالدىن ئويلىمىغان بولسا كېرەك، ھاياجان بىلەن كۆزىگە ياش ئېلىپ: «مەن خەلقىمگە تازا دېگەندەك خىزمەت قىلالمىدىم. بۇنىڭدىن كېيىن بولسىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ خەلقىمگە سوۋغا قىلىمەن» دېدى.

سۆھبەت ئەلىشىر ناۋايى غەزەللىرى، مۇھەممەدجان راشىدىن غەزەللىرى، شۇنداقلا ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بىرقىسىم ياخشى چىققان ئەسەرلەر توغرۇلۇق نۇرغۇن قىزىق پاراڭلار بىلەن داۋاملىشىپ كەچ سائەت ئونلاردا ئاخىرلاشتى. بىز ئەدىبلەرنى كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا ئۇزىتىپ قويدۇق.

شائىر شۇ چاغدىكى تەسىراتلىرىدىن كېيىن مۇنداق شېئىر يازغانىدى:

ئەللىك ياشقا توشقان كۈنۈمدە
جامائەت قوللىدى ئەللىك يېشىمنى،
كۆتۈردى زېمىندىن كۆككە بېشىمنى.
دەممۇدەم ئۆتكۈزدى ئەنجۇمەن - مەشرەپ،
شۇنىڭغا مىڭ كۆزدە تۆكتۈم يېشىمنى.
بىلەتتىم دىلدىمۇ، دوستلىرىم كۆپكەن،
چۈشەندىم «خىزىر»دەك قەلەمدىشىمنى.
خەلق مېنى يار بىلگەچ، بېشىم ئاسماندا،
ياق! مەڭگۇ «پۈت يەردە» دەي كەچمىشىمنى.
بىر ئۆمۈر شېئىر يازدىم (مۇقامى ھەر خىل)،
كۈلدۈرۈپ، يىغلىتىپ ئاھ، دىلكەشىمنى.
ئەقلىنى كېيىن تاپتىم، ئۆتكىنى كەتتى،
ۋىجدانىم كەچۈرمەس نۇرغۇن ئىشىمنى.
ئەللىك ياش ـــ ئەرلىك ياش، چاچلىرىمدا ئاق،
تۈگەتتىم ئەللىك ياز، ئەللىك قىشىمنى.
ھېلىھەم ئارزۇ كۆپ، قىلغايمەن خىزمەت،
ئەل - يۇرتقا يوقاتماي ئەقىل - ھوشۇمنى.
1993 - يىلى 11 - ئاي

1995 - يىلى 15 - ئىيۇن، ئابدۇۋايىت، ئەنۋەر، ئابدۇلجان، رەپقەت قاتارلىق ئاغىنىلىرىم بىلەن شائىرنىڭ ئۆيىگە خوشلاشقىلى باردۇق. شائىر ماڭا بىرقانچە پارچە سىلاۋيانچە شېئىر توپلاملارنى ئىمزا قويۇپ سوۋغا قىلدى. كېيىن بىز كەچلىك بازاردا خاتىرە سۈرەتكە چۈشتۇق ۋە بىر جايدا غىزالانغاچ ئولتۇردۇق.

— ئۇكىلىرىم، — دېدى شائىر بىزگە، — ئۆز كەسپىڭلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگىنىڭلار، ئىشلەڭلار، مىللىتىمىز ئۈچۈن كۆپرەك تەر تۆكۈڭلار، بىزنىڭ كۈنلىرىمىز بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. سىز ئابلەي ئەسەر يازسىڭىز، ئۆز مىللىتىڭىزنىڭ سۈيىدە ئېقىڭ، ئوتىدا كۆيۈڭ، ئاندىن يازغان ئەسىرىڭىز ياخشى چىقىدۇ. مەشىقنى كۆپ قىلىڭ...

بىز شائىر بىلەن كەچكىچە سۆھبەتلەشتۇق ۋە كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا ئۇنىڭدىن ئايرىلدۇق.

* * *

2000 - يىلى ياز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى شائىرنىڭ داۋالىنىۋاتقانلىقى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ شائىرنى يوقلىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. ئارىلىق يىراق ۋە خىزمەت بېسىقلىقى تۈپەيلىدىن شائىرنى يوقلاپ بارالماي كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولدى. 2001 - يىلى 9 - ئايدا شائىرنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن قايغۇردۇم، ئۈنسىز ياش تۆكتۈم...

خوتەندە شائىر بىلەن ئۆتكەن ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز پەيتلەرگە ھەش - پەش دېگۈچە 18 يىل بولۇپ قاپتۇ. لېكىن، شائىرنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرى قەلبىمنىڭ تۆرىدە ھېلىغىچە يادلانماقتا.

ئاپتورى پىچان ناھىيەلىك ئۇيغۇر تېبابىتى شىپاخانىسىدا

«گۈلقەقە» ماركىلىق يېشىل يېمەكلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىستېمال قىلىڭ!



شىركەت ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى داۋەن كەنت 3 - ئەترەت 2 - C4
ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 13899232360، 13999400023





ئۆز مۇخبىرىمىز ئەركىن ئەبەيدۇللا

# شىخودىكى ئۇنتۇلماس دەقىقىلەر

**شىنجاڭ** ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭ مۇخبىرلار جەمئىيىتى، ئاخبارات فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى بۇلتۇر 9 - ئايدا «100 مۇخبىرنىڭ شىخودا جەم بولۇشى» ناملىق پائالىيەتنى ئۇيۇشتۇردى. پائالىيەتكە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن گېزىت، ژۇرنال، تور بەت مۇخبىرلىرى بىلەن بىللە ئىشتىراك قىلىپ، شىخو شەھىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، نۆۋەتتىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتى، شۇنىڭدەك شىخودىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىناق، بەختىيار تۇرمۇشى، كۈندىلىك ھاياتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن تونۇشتۇق؛ يېزا - بازار، كەنت - مەھەللىلەردە ئۆتكۈزۈلگەن مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش، كۆڭۈل ئېچىش، ئارمىيەنى ھىمايە قىلىپ خەلقنى سۆيۈش






خوزۇ قىز ـ يىگىت



103 ياشلىق ئۇيغۇر ئانا



ئوغلاق تارتىشىش



ئوقيا ئېتىشتىن ماھارەت كۆرسىتىش




قازاق قىز ـ يىگىت [illegible] كۆرۈنۈش

پائالىيەتلىرى ۋە قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل مىللەتلىرىنىڭ نىكاھ توي مۇراسىمى، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، ئوقيا ئېتىشتىن ماھارەت كۆرسىتىش، «جاڭغىر» ئېيتىش، «قىز قوۋار» قاتارلىق تۈرلۈك ئاممىۋى پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇق. شىخونىڭ يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان شەھەر رايونى، سانائەت رايونى ۋە خەلقئارالىق ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇش بازىسى، دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى ياساش شىركىتى، شۇنىڭدەك مەكتەپ، كەنت ئىشخانىلىرى، بالىلار باغچىسى، 103 ياشلىق ئۇيغۇر ئانىنىڭ ئائىلىسىنى كۆزدىن كەچۈردۇق؛ شىخونىڭ دۇنياغا داڭلىق ئېكولوگىيەلىك تۇغراقلىقى، دۆلەتلىك A 4 دەرىجىلىك ئورمان باغچىسى (دېڭىز يۈزىدىن 3890 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قارلىق تاغ باغرىغا جايلاشقان، 42 مىڭ 828 گېكتار)، ئاسىيا قىتئەسى بويىچە ئەڭ چوڭ قەدىمىي يانار تاغ تۆپى... قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولدۇق، پىكىرلەشتۇق... بۇ جەرياندا شىخولۇقلارنىڭ ئاددىي ـ ساددا قىياپىتى، سەمىمىي، قىزغىن ۋە جۇشقۇن روھىي ھالىتى بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

شىخو شەھىرى چۆچەك ۋىلايىتىگە تەۋە بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان، يەر كۆلىمى 20 مىڭ 700 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 370 مىڭ بولۇپ، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل قاتارلىق 24 مىللەت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. تەۋەلىكىدە 10 بازار، يەتتە يېزا، ئۈچ چارۋىچىلىق مەيدانى، بىر ئورمانچىلىق مەيدانى (185 كەنت ۋە ئۈچ كوچا باشقارمىسى، 13 ئاھالىلەر كومىتېتى) بار.

شىخو شەھىرى قاتناش جەھەتتە زور ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئالتۇن بۆلۈڭگە جايلاشقان. ئۇ ئىلى، بورتالا، چۆچەك، ئالتاي، قاراماي












قاتارلىق جايلارنىڭ قاتناش تۈگۈنى، دۆلەت 312 ـ تاشيولى، 217 ـ تاشيولى ۋە ياۋروپا ـ ئاسىيا 2 ـ چوڭ قۇرۇقلۇقى كۆۋرۈكى (تۆمۈر يولى) ئارقىلىق شەرق بەلەن غەربنى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇردۇ؛ كۈيتۇن ـ شىمالىي كۈيتۇن تۆمۈر يولى، كۈيتۇن يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيولى بۇ يەردىن ئۆتۈپ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىساد بەلبېغىدا مۇھىم قاتناش لىنىيەسىنى شەكىللەندۈرگەن؛ شىخو ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى «كۆۋرۈكى» ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئۆتۈشتىكى مۇھىم ئۆتەڭ. 400 كىلومېتىر دائىرىدە قورغاس، ئالاتاغ، باقتۇ ۋە جىمنەيي قاتارلىق تۆت چوڭ چېگرا ئېغىزى بار.

شىخونىڭ سۇ، تۇپراق، يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق، كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقى ئىنتايىن مول؛ تەبىئىي شارائىتى كېۋەز، كۆممىقوناق، پەمىدۇر، مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات تېرىپ ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدۇ؛ شىخو دۆلىتىمىز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئەلا سۈپەتلىك پاختا، ئاشلىق ۋە چارۋا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ھېسابلىنىدۇ. جۇغراپىيەلىك ئورۇن، قاتناش ۋە بايلىق جەھەتتىكى ئەۋزەللىكلەرگە تايىنىپ، شىخو شەھىرى 55 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدىكى «شىخو خىمىيە سانائەت باغچە رايونى» ۋە 13.67 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدىكى «خەلقئارالىق ماددىي ئەشيا باغچە رايونى» قۇرۇشنى پىلانلاپ، ئېنېرگىيە، خىمىيە سانائىتى، ياسىمچىلىق، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، يېڭى تىپتىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، سودا ماددىي ئەشيالىرى قاتارلىق بەش چوڭ كەسىپ توپىنى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرگەن.



«جاڭغىر» ئېيتىش



خەلق مەيدانىدىكى خانقىزلار





خۇيزۇ قىزلار



قىز ئۇزىتىش



خۇيزۇچە گۈللۈكسپ ئۇسسۇل





ئۇيغۇر قىزلىرى




قازاق ياشلىرىنىڭ تويدىن كۆرۈنۈش

يېقىنقى يىللاردىن بېرى شخونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا تېزلىكتە تەرەققىي قىلىش ھالىتىگە كاپالەتلىك قىلىنغان. 2014 ـ يىلى 1 ـ كەسىپنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.7 پىرسەنت، 2 ـ كەسىپنىڭ 20.9 پىرسەنت، 3 ـ كەسىپنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى 5.5 پىرسەنت كۆپ بولغان؛ مالىيە كىرىمى 20 پىرسەنت، مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسى 18 پىرسەنت، سىرتتىن جەلپ قىلىنغان مەبلەغ 19.5 پىرسەنت ئاشقان.

سانائەت ئىقتىسادى تېز سۈرئەتتە ئېشىش ھالىتىنى ساقلىغان. 2014 ـ يىلى ئالدىن پىلانلانغان 56 نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشىنىڭ تاماملىنىش نىسبىتى 100.87 پىرسەنت بولغان؛ يېزا ئىگىلىكىدە 2 مىليون 310 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرىنىڭ تېرىقچىلىققا ئىشلىتىلىش نىسبىتى 98.5 پىرسەنتكە يەتكەن؛ چارۋىچىلىقمۇ ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان؛ شەھەر قۇرۇلۇشى جەھەتتە بىرمۇنچە يېڭى قۇرۇلۇشلار پۈتكۈزۈلگەن؛ يېڭىدىن 39 مىڭ 500 مېتىر ئاسفالت يول ياسالغان؛ سۇ ۋە ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش تورى 46 مىڭ 500 مېتىرغا يەتكۈزۈلگەن؛ «شخو شەھىرىنىڭ ماددىي ئەشيا باغچىسى تەپسىلىي پىلانى» قاتارلىقلار يولغا قويۇلغان، يول قاتناش تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن. ماددىي ئەشيا باغچىسى ئاساسىي ئەسلىھەلىرى ياخشىلانغان. يېڭىدىن 11 مىڭ 600 مېتىر يول، 28 مىڭ 300 مېتىر سۇ، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش تورى ياسىلىپ، 7400 مېتىر كۆكەرتىش بەلبېغى ۋە يول چىرىغى ئورنىتىلغان. ماددىي ئەشيا باغچىسىغا كىرگەن 32 كارخانىنىڭ 21ى قۇرۇلۇش قىلىشنى باشلىغان...

شخو شەھىرىدىكى بۇ نەتىجىلەرنى بۇ يەردە ئىناق ياشاۋاتقان خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل قاتارلىق ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق بارلىققا كەلتۈرگەن.



# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئۈلگە ــ يۇسۇپ ئابلا

ــ مەملىكەت بويىچە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرىدىكى ئۈلگىلىك شەخس يۇسۇپ ئابلا ھەققىدە

يۇسۇپ ئابلا قاغىلىق ناھىيە باغۋەنچىلىك مەيدانى پارتكومىنىڭ شۇجىسى. ئۇ ئەسلىدە 2008 - يىلى 60 يېشىدا شەرەپ بىلەن دەم ئېلىشقا چىققان، ئەمما باغۋەنچىلىك مەيدانىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىڭ يەنە داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتىشىنى ئۈمىد قىلغاچقا، قاغىلىق ناھىيەلىك پارتكوم ئۇنىڭ باغۋەنچىلىك مەيدانى پارتكومىنىڭ شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۆتىشىنى قارار قىلغان.

يۇسۇپ ئابلانىڭ يېتەكچىلىكىدە قاغىلىق ناھىيەلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «دۆلەت دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن» ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە «ئەڭ ياخشى مەدەنىي ئورۇن» بولۇپ باھالانغان. يۇسۇپ ئابلا بولسا گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن «مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرىدىكى ئۈلگىلىك شەخس» بولۇپ تەقدىرلەنگەن.

قاغىلىق ناھىيەلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىدا ھازىر 446 ئائىلە، 1820 نوپۇس بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار ئائىلىسى 157نى، نوپۇسى 620نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار. مەيدان تەۋەلىكىدە تۆت تارماق باغۋەنچىلىك مەيدانى بار. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 22 مىڭ مو كېلىدۇ. بۇ مەيداننىڭ ئەسلىي نامى «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى» بولۇپ، 1961 - يىلى قۇرۇلغان، 1964 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن ھەمدە 1983 - يىلىغىچە «چوڭ قازاننىڭ تامىقى»نى يەپ كەلگەن. شۇ ۋاقىتتا 140 ئائىلە، 920 ئادەم بار ئىدى. يەر مەيدانى 900 موغىمۇ يەتمەيتتى. باغۋەنچىلىك مەيدانى قۇرۇلۇپ 20 نەچچە يىل ئىچىدە دۆلەتكە بىرەر پۇڭ پايدا تاپشۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنىمۇ بانكىدىن قەرز ئېلىپ تاپشۇرىدىغان ھالەتتە ئىدى. يۇسۇپ ئابلا 1981 - يىلى باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ قىيىنچىلىققا قەتئىي پەسەنت قىلماي دادىل ئىشلىشى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 22 باغۋەنچىلىك مەيدانى ئىچىدە تۈنجى بولۇپ ھۆددە تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، يەنى باغۋەنچىلىك مەيدانىدىكى يەر، مېۋىلىك باغ ۋە چارۋىلار پۈتۈنلەي ھۆددىگە بېرىلگەن. بۇ بىر قاتار ئىسلاھات ۋە خىزمەت ئۇسۇللىرى ئارقىلىق كادىرلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلىپ، باغۋەنلەرنىڭ كىرىمى ئېشىپ، خىزمەتلەر كۈندىن - كۈنگە ئالغا سىلجىغان.

* * *

يۇسۇپ ئابلا 1976 - يىلى باغۋەنچىلىك مەيدانى 3 - ئەترىتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقاندا، بۇ ئەترەتتە بىرمۇ خەنزۇ ئىشچى - خىزمەتچى يوق ئىدى. قوشنا ئەترەتلەردە بولسا پۈتۈنلەي خەنزۇ ئىشچى - خىزمەتچى ئىدى. ھەر يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇكاپاتىنى دائىم خەنزۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەرلا ئالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەرلىكتىن ئالتە ئائىلىلىك خەنزۇنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئەترەتنىڭ باشقۇرۇشىدىكى باغنى باشقۇرۇشقا ھەمدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا

www.uyghurkitap.com











قارىتا يېڭى تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈشكە تەكلىپ قىلىدۇ ۋە بۇنىڭ نەتىجىسى شۇ يىلىلا كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ.

تېخىمۇ كۆپ خەنزۇ ئىشچى - خىزمەتچىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ ھالىتىدە يېڭى يۈزلىنىشنى بارلىققا كەلتۈرۈش ھەم ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1989 - يىلى يۈسۈپ ئابلا باغۋەنچىلىك مەيدانى رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن بوز يەر ئېچىشنى قارار قىلىدۇ؛ ناھىيەنىڭ ماسلاشتۇرۇشى بىلەن باشقا يېزا - بازارلار ئېچىشنى خالىمىغان بوز يەرلەرگە 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، مەيداندىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ 2000 مو بوز يەر ئاچىدۇ ھەمدە بۇنىڭ 1000 موسىغا ئەلا سورتلۇق مېۋىلىك كۆچەت تىكىدۇ. بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ھەم تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىش، ھەم قۇمنى تىزگىنلەش مەقسىتىگە يېتىپ، ناھايىتى ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈممۇ يارىتىدۇ. بۇ جەرياندا مەيداندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ۋە خەنزۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىچكىرىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن، يېقىنلىرىدىن بولۇپ 300 نەچچە كىشىنى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

يۈسۈپ ئابلانىڭ يېتەكچىلىكىدە 10 نەچچە يىلدىن بېرى بۇ مەيداندا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 314 - نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولىنىڭ بويىدىن 3000 مو، ئاقتاش ئېچىش رايونىدىن 10 مىڭ مو بوز يەر ئېچىلىپ، يېڭىدىن 130 مىڭ تۈپ مېۋىلىك كۆچەت سېلىنىپ، ھەممىسىنىڭ مېۋىگە كىرىشى كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. نۆۋەتتە، بۇ مەيداندىكى ئومۇمىي مېۋىلىك باغنىڭ كۆلىمى 6500 مو، ئەلا سورتلۇق مېۋىلىك باغ كۆلىمى 4500 موغا يېتىپ، مەھسۇلاتلىرى قەشقەر ۋىلايىتى ئارقىلىق بىۋاسىتە چەت ئەللەرگە چىقىرىلىدىغان، چېگرادىكى تۈرلۈك تەكشۈرۈشلەردىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكەن، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ غوللۇق كارخانىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدۇ.

ھازىر بۇ باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ مەھسۇلاتلىرى رۇسىيە، پاكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە چىقىرىلىدىغان، يىللىق مەھسۇلاتى 10 نەچچە مىڭ توننىغا يەتكەن مېۋىلىك باغ بازىسى بولۇپ شەكىللەندى. ئىلگىرى ئاشلىقنى سىرتتىن ئەكىرىپ يەيدىغان، ئىش ھەققىنى قەرز ئېلىپ تارقىتىدىغان قالاق ۋە ئارقىدا قالغان كىچىك باغۋەنچىلىك مەيدانىدىن ھازىر

يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 53 مىليون 900 نەچچە مىڭ يۈەنگە يەتكەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مېۋىلىك باغ بازىسىغا ئايلاندى. مەيداندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق كىرىمى 1983 - يىلىدىكى 200 يۈەندىن ئېشىپ، 2015 - يىلىدىكى 15 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. 2020 - يىلىغا بارغاندا 20 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈش پىلانلانماقتا.

* * *

يۈسۈپ ئابلا كۆپ يىللاردىن بېرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئۆزى باشلامچى بولدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئۆزى بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ تەشكىللەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى ئېيى پائالىيىتىنى كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئېلىپ باردى. پارتىيەنىڭ مىللەتلەر ۋە دىن سىياسىتى تەربىيەسىنى كەڭ دائىرىلىك تەشۋىق قىلىپ، مەيداندىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسىنى مەھكەم تۇرغۇزدى. كۈندىلىك خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ تەسىرى ۋە يېتەكلىشىدە مەيدان پارتكومىدىكى بارلىق يولداشلار ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى ئورنىدا كۆرىدىغان، مىللەتلەر ئۆزئارا بىر - بىرىگە سەمىمىي ھەم دوستانە مۇئامىلە قىلىدىغان ياخشى شارائىت بارلىققا كەلدى. يۈسۈپ ئابلا ئۆزى باشلامچى بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ياخشى ئىش ھەم ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشنى ئۇنتۇمىدى. تۇرلۇك تەربىيە، ئۆگىنىش ۋە تەشۋىقاتلار ئارقىلىق ئىتتىپاق، ئۆم ۋە ئۆزئارا بىر - بىرىگە ياردەم بېرىدىغان، ئۆزئارا بىر - بىرىگە يېقىندىن ياردەمدە بولىدىغان ئومۇمىي ياخشى كەيپىيات شەكىللىنىپ، مىللەتلەر ئارا سەمىمىي دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق ئورنىتىلدى.

يۈسۈپ ئابلانىڭ مەيلى چوڭ يىغىن ياكى كىچىك يىغىنلاردا بولسۇن دائىم تەكىتلەيدىغان مۇنۇ بىر ئېغىز سۆزى بار: «مېنىڭ خىزمىتىم ئىككى تۇرلۇك، بىرى ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇش، يەنە بىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تۇتۇش». ئۇنىڭ نەزىرىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى، ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش بولسا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۇلى.

يۈسۈپ ئابلا كۆپ يىللاردىن بېرى باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يۈرەك - قېنىنى سەرپ قىلدى. ئۇ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھەرقاندىقىدا كىچىك ئىش يوق» دەپ قارىدى. ئېغىزدا دېيىشلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئۆزى ئۈلگە بولدى.

يۈسۈپ ئابلا كۆپ يىللاردىن بېرى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ئۆزىنىڭ كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسرىدى. پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ، بىر مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان ئېسىل خىسلەتنى ئۆز ۋۇجۇدىدا ھازىرلاپ، باغۋەنچىلىك مەيدانىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ نەزىرىدىكى ياخشى بىر دۆلەت كادىرىنىڭ ئوبرازىنى تىكلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن تەسىرلىك ئەمەلىي ئىش ئىزلىرى ئارقىلىق باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىشلىرىغا غايەت زور تۆھپە قوشۇپلا قالماي، قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

يىللار ئۆتتۈۋەردى. ئەمما، يۈسۈپ ئابلا قاغىلىق ناھىيەلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىدىن ئىبارەت بۇ «چوڭ باغ»دا ئۆزىنىڭ 45 يىللىق قىش ۋە باھارىنى ئۇنتۇلغۇسىز خىزمەت نەتىجىلىرى بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇ بۇ يىل 68 ياشقا كىرگەن مويسىپىت بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ توغرا يېتەكچىلىكى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىشى بىلەن 30 نەچچە يىلدىن بېرى باغۋەنچىلىك مەيدانىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان ھەر قانداق كۆڭۈلسىزلىك، جىنايى ئىشلار دېلولىرىغا ياتىدىغان ياكى دەرىجە ئاتلاپ ئەرز - شىكايەت قىلىدىغان، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىرەر ئەھۋالمۇ يۈز بەرمىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، باغۋەنچىلىك مەيدانىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىناق ئۆتۈپ، بىر - بىرىگە يار - يۆلەكتە بولۇپ ۋە بىر - بىرىنى قوللاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ زەپەر مارشىنى تەڭ ياڭرىتىدىغان ياخشى ھالەت ئىزچىل داۋاملاشتى.

(ئۆز مۇخبىرىمىز مۇھەممەدسالىھ مەتروزىنىڭ قاغىلىقتىن يوللىغان ماقالىسى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# «غەرب پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتاب ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى




بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، پەلسەپە تەتقىقاتچىسى جاڭ شىيلىڭ ئەپەندى يازغان، يازغۇچى ۋە مەدەنىيەتشۇناس ئەنۋەر تاشتۆمۈر ئەپەندى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان «غەرب پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتاب يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. غەرب پەلسەپىسىنىڭ ئومۇمىي تارىخىغا ئائىت مۇنداق بىر كىتابنىڭ رەسمىي نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ گۈللەنگەنلىكى، تېما تاللاشتا ئالدىن كۆرەرلىككە ۋە كەڭ دائىرىلىككە ئىگە بولغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ. ئۆزىنى ئىزدەش باسقۇچىدا ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ماسلىشىۋاتقان ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ كۈچ ئاتا قىلىۋاتقان ھەرقايسى قاتلام ئوقۇرمەنلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ پەلسەپە تېپىدىكى ئەقىل ــ پاراسەت بايلىقلىرى بىلەن كۆپرەك، كەڭ دائىرىلىكرەك ئۇچرىشىشى بىر تۇرلۇك تارىخىي زۆرۈرىيەت بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئاڭ تەرەققىياتىدا، جۈملىدىن ئۇلارنى ئۆزى، دۇنيا، ھەتتا ئالەم ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا يېتەكلەشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

«غەرب پەلسەپە تارىخى» ــ ئەسلىدە «جۇڭگو قامۇسى»نىڭ «مەشھۇر شەخسلەر ئەسەرلىرى» قىسمىدىكى غەرب پەلسەپىسىگە ئائىت بىر بىلىم نۇقتىسى بولۇپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە كىشىلەرنىڭ ئىدىيە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە قاموس شەكلىگە ماس ھالدا ئايرىم كىتاب قىلىپ نەشر قىلىنغان. تەرجىمان بۇ كىتابنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەلىپى بويىچە، بىر ئاي ۋاقىت ئىچىدە تەرجىمە قىلىپ تاماملىغان بولۇپ، ئەسلىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى تولۇق ۋە ئاممىباب يەتكۈزۈلگەن، پەلسەپە ئاتالغۇلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەھەتلەردە خاسلىقى ۋە ئالاھىدىلىكى نامايان قىلىنغان. مەزكۇر كىتاب غەرب پەلسەپە تارىخى بويىچە تۇنجى تەرجىمە قىلىنغان، غەرب پەلسەپە تارىخى بىرقەدەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان ۋە بىر پۈتۈن قۇرۇلمىغا ئىگە قىلىنغان ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىزنىڭ غەرب پەلسەپىسىنى ئۆز تىلىمىزدا چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

ئومۇمەن، كىتاب غەرب پەلسەپىسىنى ئۇنىڭ باشلىنىش دەۋرى ۋە تۈپ ئاساسى بولغان قەدىمكى يۇنان پەلسەپەسىدىن باشلاپ، ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپىسى، يېقىنقى زامان پەلسەپىسى ۋە ھازىرقى زامان پەلسەپىسى بويىچە بايان قىلغان. كىتابتا غەرب پەلسەپىسىگە بېرىلگەن ئومۇمىي باھانى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ تۇرۇپ، مۇشۇ لىنىيەنىڭ قەدەم ــ باسقۇچى ۋە زۆرۈرىيىتىگە ئاساسەن ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەر، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن ۋەكىل خاراكتېرلىك پەيلاسوپلار، پەلسەپە ئېقىملىرى، پەلسەپە ئەسەرلىرى، ئىدىيە، تەلىمات، نەزەرىيە ۋە پەن ھادىسىلىرى بىرقەدەر ئىخچام بايان قىلىنغان. شۇڭا، مەزكۇر كىتاب غەرب پەلسەپە تارىخىنىڭ ئىخچام ۋە ئاممىباب ئوقۇشلۇقى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىزنىڭ غەرب پەلسەپىسىگە كىرىشىمىزدە، ئۇنىڭ دەۋرى ۋە ئىدىيە ــ تەلىماتلىرى بويىچە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشىمىزدە مۇھىم پايدىلىنىش ئەھمىيىتى بار.

تەھرىر بۆلۈمىمىز تەييارلىغان




权威报道中国民族的国家级综合性双月刊
主管/ 国家民族事务委员会
主办/ 民族团结杂志社
(汉、英、蒙古、维吾尔、哈萨克、朝鲜六种文字出版)

# 中国民族
(双月刊)
维吾尔文版 /2016/1

社长、总编辑/ 魏国雄(回族)
副社长、副总编辑/ 邵彬
副总编辑/ 李小林(苗族)
副社长/ 满吉拉(蒙古族)

维吾尔文(1988年创刊 总第164期)

编辑/ 维吾尔文编辑部

编辑部主任/ 买买提沙力·买提肉孜
编辑部副主任/ 艾尔肯·艾拜都拉
编辑/ 图尔洪·伊里提孜
美术编辑/ 迪里夏提·伊德里斯

□ 联系我们

维吾尔文编辑部/ 0991 - 8558377
哈萨克文编辑部/ 0991 - 8557005
美术编辑办公室/ 0991 - 8558377
新疆分部办公室/ 0991 - 8530016

汉文编辑部/ 010 - 64273316
蒙古文编辑部/ 010 - 58130955
朝鲜文编辑部/ 010 - 64220735
英文编辑部/ 010 - 64257510

法律顾问/北京市中闻律师事务所律师 邓建国 刘晓蒙

□ 投稿、广告、互联网

广告经营许可证/ 京东工商广字 0028号
投稿邮箱/ millatlar1988@sohu.com
广告热线/ 0991 - 8530016
维吾尔文版网址/ www.seltenet.com

□ 发行服务

出版单位/ 民族团结杂志社新疆分部
单位地址/ 乌鲁木齐市新华南路918号 新工花园 2层
邮政编码/ 830049
印刷装订/ 新疆兴华夏彩印有限公司
发行/ 新疆维吾尔自治区报刊发行局
订阅/ 全国各地邮局
国内统一连续出版物号/ CN11 - 4608/C
国外代号/ BM178U
邮政发行代号/ (新)58 — 117
出版日期/ 单月25日
定价:8元

## 目录 2016年 第 1 期 · 总 164期

01 ★卷首语
生活不是攀比，幸福源自珍惜

04 ★视窗
冰与火的旋律：四川省藏族群众举办《冰雪节》

06 ★来自中央的声音
俞正声对城市民族工作作出批示：推进城市民族工作制度化、规范化、精细化 / 艾尔肯·艾拜都拉(译)

★民族工作报道
07 我国民族工作最新动态 / 艾山江·阿不来提(译)
08 国家民委发布“2015年中国少数民族十大新闻” / 艾山江·阿不来提(译)

10 ★本刊特稿
张春贤在新疆维吾尔自治区党委统战工作会议上强调：为全面建成小康社会 实现新疆社会稳定和长治久安凝聚最广泛的力量支持

14 ★民族与法制
新疆维吾尔自治区民族团结进步工作条例(全文)

24 ★民族与文化
新疆本土电影《钱在路上》的魅力 / 艾斯凯尔·艾尼万

32 ★民族与素质
精神力量是人生的依靠 / 古丽巴哈尔·买买提

34 ★民族与习俗
在哈密的维吾尔族婚礼上的《守门》习俗 / 尤努斯·萨迪克

37 ★古丽穆
母亲的信(散文) / 热西旦·买买提江

40 ★幸福的味道·舌尖上的新疆
新疆莎车：最具有民族特色的风味餐厅 —《努尔博斯坦》欢迎您的光临 /努尔顿·阿布都赛买提

42 ★访谈
访全国民族团结进步创建先进县 — 新疆伊宁县卡米力江·玉苏甫江县长 / 买买提沙力·买提肉孜

52 ★专栏·援疆情
淳朴的和田人 / 陈锐军

58 ★读书时间
文人谈阅读和读书的体验 — 访维吾尔族著名诗人、作家阿吉·米尔扎依提·克力木 / 阿不拉江·布瓦克

61 ★五十六个民族一家亲
苏南裕固族故乡之行见闻(上) / 阿布都热扎克·沙依木、海拉提·阿不都热合曼

66 ★花坛
北疆抒情诗 / 阿布力孜·吾斯曼

68 ★永恒的丰碑
我所熟悉的诗人肉孜·沙依提 / 阿布来·买提尼亚孜

72 ★关注：体验新疆的变化和民族大家庭
幸福的乌苏市：民族大团结的花园 / 艾尔肯·艾拜都拉

76 ★人物
果树常青花常开 民族团结硕果累
—记全国民族团结进步模范先进人物、叶城县园艺场党委书记玉素甫·阿布拉的民族团结先进事迹 / 买买提沙力·买提肉孜

79 ★图书资讯
维吾尔文版《西方哲学史》一 书出版发行







封面：聚焦 • 新疆维吾尔自治区文联主席、作家协会主席、教授、博士生导师 —— 阿扎提·苏力坦 / 库尔班·买买提 / 摄
封二：快讯 • 新疆维吾尔自治区民宗委主任会议在乌鲁木齐市召开 / 买买提沙力·买提肉孜 / 摄
封三：少数民族名人 • 优秀摄影作品欣赏 — 维吾尔族著名翻译家玛依努尔·阿吉亚克甫女士 / 库尔班·买买提/摄
封底：广告 • 为您真诚服务的《卡尔万》公司商标事务

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىز ئۇچراشقان كىشىلەر.
«جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى
تۆھپىكارلار ئالبومى



## تۆھپىكار ئەدەبىي تەرجىمان — ماھنۇر ھاجى ياقۇپ

ماھنۇر ھاجى ياقۇپ 1951 - يىلى 24 - ئاپرېل ئۈرۈمچى شەھرىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىلى ئوبلاستلىق ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئىنستىتۇتى «24 تارىخ» ماتېرىياللىرى تەرجىمە - تەھرىرلىك ئىشخانىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى تەشۋىقات باشقارمىسى، «ئەدلىيە كەسپى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، «تەڭرىتاغ» كىنو ئىستۇدىيەسى تەرجىمە فىلىم بۆلۈمى، شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ رادىيو - كىنو - تېلېۋىزىيە تەرجىمە مەركىزى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن. 2006 - يىلى ئارام ئېلىشقا چىققان.

«تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە»، «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى»، «غەربىي يۇرت ئېكسپېدىتسىيەسىگە دائىر ماتېرىياللار»، «شىنجاڭغا ساياھەت»، «بۈيۈك چىن ئىمپېرىيەسى»، «مېنىڭ ئىسمىم قىزىل»، «جۇڭگو تارىخىغا دائىر بىلىملەردىن قىسقىچە قوللانما» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش، تەرجىمىسىنى بېكىتىش ۋە تەرجىمە تەھرىرلىكى خىزمەتلىرىگە قاتناشقان؛ «بۈيۈك ھەل قىلغۇچ جەڭ»، «جياۋ يۈلۇ»، «جەڭگاھكەشلەر»، «يالقۇن تاغدىن كەلگەن داپچى» قاتارلىقلار 250 نەچچە كىنو فىلىمىنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان؛ ئۇ تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن بىر قىسىم فىلىملەر مەملىكەت بويىچە «ئۇچقۇر ئەجدىھا» مۇكاپاتىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە «مۇنەۋۋەر تەرجىمە فىلىم» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ماھنۇر ھاجى ياقۇپ تېلېۋىزىيە فىلىمى تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 23 يىلدا 3000 قىسىمدىن ئارتۇق تېلېۋىزىيە فىلىمىنىڭ تەرجىمىسى، 16 مىڭ 800 قىسىمدىن ئارتۇق تېلېۋىزىيە فىلىمىنىڭ تەرجىمە تەھرىرلىكىنى ۋە تىل - تەرجىمە سۈپەت نازارەتچىلىكىنى ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ھەر قايسى خىزمەت ئورۇنلىرىدا كۆپ قېتىم «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالانغان. ئۇ تەرجىمە قىلغان ياكى تەرجىمە تەھرىرلىكىنى ئىشلىگەن تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىن «دوك ۋەزىر لىيۇ يوك»، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «سۇ بويىدا»، «غەربكە ساياھەت»، «كاڭ شىنىڭ ئەل ئىچىدىكى خۇپىيانە زىيارىتى»، «چىڭگىزخان»، «كاڭشى خانىدانلىقى»، «چيەن لوڭ خانىدانلىقى» قاتارلىق 40 نەچچە تېلېۋىزىيە فىلىمى مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ «تۇلپار» مۇكاپاتىغا، مەملىكەت بويىچە «مۇنەۋۋەر تەرجىمە فىلىم» مۇكاپاتىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «ساماۋى كۆۋرۈك» مۇكاپاتى ۋە «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. «قىز قىممىتى ئاشقان تۈي»، «چېقىلغان تاۋاق» قاتارلىق بىر تۈركۈم ھېكايىلىرى ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان. «كىنو - تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى تەرجىمىسىدىكى سەۋەنلىكلەر ھەققىدە ئويلىغانلىرىم»، «ئەدەبىي تەرجىمە ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «تارىخىي ئەسەرلەر تەرجىمىسى» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىسى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر رادىيو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن 1 - ۋە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئىلغار ئىش ئىزلىرى ۋە ئېرىشكەن نەتىجىلىرى مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۈرۈمچى خەلق رادىيو ئىستانسىلىرىدا تونۇشتۇرۇلغان.

ئۇ ھازىر «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تارىخىي مەنسەپ ۋە ئۇنۋان ناملىرى ئىزاھلىق لۇغىتى»نى تۈزۈۋاتىدۇ ھەمدە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» ناملىق 18 توملۇق تارىخىي ئەسەرنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش ۋە كۆرۈپ بېكىتىش خىزمىتىگە قاتنىشىۋاتىدۇ.

ماھنۇر ھاجى ياقۇپ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، مەملىكەتلىك تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ ئەدەبىي تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئالىي تەرجىمان.

ماقالىنى مۇھەممەدسالىھ مەتروزى تەييارلىغان، سۈرەتنى قۇربان مۇھەممەت تارتقان. (2014 - يىلى 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى. ئۈرۈمچى)

كارۋان ماركا ئىشلىرى

卡尔万商标注册

كارۋان ماركا ئىشلىرى ـــ شىنجاڭدىكى چوڭ ـ كىچىك كارخانىلارنىڭ ماركا ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن بىجىرىپ بېرىدۇ. ماركا ئىشلىرى خادىمى ۋە كەسپىي ماركا لايىھەلىگۈچىلەر سىز ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلىدۇ. ئورنىمىزدا ماركا لايىھەلەش، ماركا ئەنگە ئالدۇرۇش، شىركەت ـ كارخانا قۇرۇش ۋە ئەنگە ئالدۇرۇش، ماركا ھوقۇقىنى قوغداش قاتارلىق ھەر خىل مۇلازىمەتلىرىمىز بار. سىز ۋە كارخانىڭىز ئۈچۈن گۈزەل، سىپتا ماركا لايىھەلەپ، ئەنگە ئالدۇرۇپ، ماركىغا ئالاقىدار ئىشلىرىڭىزنى تېز سۈرئەتتە بىجىرىمىز.

باشقا مۇلازىمەتلىرىمىز :

1. بوغالتىرلىق تۈزۈمىنى تۈزۈش
2. سودا ـ سانائەت رويخەتكە ئېلىش خىزمىتىنى ۋاكالىتەن ئىلتىماس قىلىش، توختام تۈزۈش، نىزامنامە تۈزۈش
3. بوغالتىرلىقتىن، باجدىن ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرىدىن مەسلىھەت بېرىش
4. ۋاكالىتەن باج مەلۇم قىلىش
5. ۋاكالىتەن ھېسابات خاتىرىلەش

1500 يۈەن
ماركا ئىلتىماس قىلسىڭىز




كارۋان ماركا ئىشلىرى

مۇشۇ ئېلاننى ئېلىپ كەلسىڭىز، ماركا ئىشلىرىدا

100 يۈەن ئېتىبار قىلىنىدۇ!

KARWAN.CN

ھەقسىز مۇلازىمەت تېلېفونى:

400 600 10 55

مۇلازىمەت يانفون نومۇرى:

13899804114

ئىنتېرنېت دەۋرىدە تور ئارقىلىق ماركا ئەنگە ئالدۇرۇش بىۋاستە، تېز ھەم ئىشەنچلىك بولۇپ، ئەنگە ئالدۇرماقچى بولغان ماركىڭىزنى تېز سۈرئەتتە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ بېرىمىز!

WWW.KARWAN.CN



《中国民族》维吾尔文版（双月刊）国家标准刊号：ISSN 1009-8917 国内统一连续出版物号：CN11-4608/C 国内邮发代号：（新）58-117 پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:
国外代号：BM178U چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 定价：8元 «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى (قوش ئايلىق ژۇرنال) يەككە باھاسى: 8.00 يۈەن www.seltenet.com